3 0000 081 529 954



PL
54.62
.A385
1988
v.4

ئالتە يىللىق باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 2-يىللىقى ئۈچۈن دەرسلىك

# ئەدەبىيات

4-قىسىم

چولپان



II ئاساسي مەشقىنىڭ ئالتىنچىسى ئۈچۈن

## نەشرىياتتىن

قولىڭىزدىكى بۇ دەرسلىك كىتابىنى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىنائەن نەشرىياتىمىز ئالتە يىللىق تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ «تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پروگراممىسى» نىڭ ئوقۇتۇش تەلىپىگە ئاساسەن تۈزۈپ چىقتى. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ «مىللىي يېزىقتىكى دەرسلىكلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋاقىتلىق گۇرۇپپىسى» تەكشۈرۈپ چىقىپ «سىناق دەرسلىك» قىلىپ قوللىنىشنى بېكىتتى.

جايلارنىڭ بۇ دەرسلىك كىتابىنى بىر مەۋسۇم سىناپ ئوقۇتقاندىن كېيىن كەڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسلىكنىڭ مەزمۇنى، ئىلمىيلىقى، ئىدىيۋىلىكى ۋە سىستېمىسىنىڭ شۇ يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشىغا ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن بولمىغانلىقى ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى رەتلەپ چىقىپ نەشرىياتىمىزنىڭ باش تەھرىر بۆلۈمىگە يوللاپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى
1988 - يىل 10 - ئاي



31 - دەرس ئۈچۈن

## مۇندەرىجە


1. مەكتىپىم ........................................ 1
2. كىتاب بىزنىڭ دوستىمىز ............... 3
3*. «بىلمىسىزگە ئىش يوق، ئىشسىزغا ئاش» ........................................ 5


### I ئاساسىي مەشق


4. ئېينىشتېيىننىڭ كىچىك ۋاقتى ......... 11
5. مۇزىكانت نىيې ئېر ........................... 15
6*. ئۈچ تۈپ گىلاس دەرىخى ............ 19


### II ئاساسىي مەشق


7. باھار كەلدى .............................. 23
8. ھەسەل ھەرىسى .............................. 26
9. سوپىسوپىياك ۋە تاغ قۇشقىچى ...... 31
10*. باھارنى كىم باشلاپ كەلدى......... 35




RSCH
95B400

## III ئاساسي مەشق


11. جۇڭگو پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ ئەترەت شېئىرى ............ 41
12. بىر ئەدەبلىك بالىنىڭ ۋەدىسى ............ 43
13. مۇستاپا ............ 46
14*. يامغۇر ياغقاندا ............ 51
15. ئەلنىڭ بەختى بولۇپ قال ............ 54
ئىلتىماس ............ 56


## IV ئاساسي مەشق


16. قاغا بىلەن قارلىغاچ ............ 60
17. تۆگە ئىزدەش ............ 65
18. يىلان بىلەن چۈمۈلە ............ 68
19*. تۈلكە بىلەن قاغا ............ 71
20. تەرتىپكە رىئايە قىلمىغان كىچىك تۇرنا ............ 74


## V ئاساسي مەشق


21. نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن





شەھەرگە بېرىشقا ۋاقتىم يوق ............ 83
ئەپەندىمنىڭ مەسلىھەتى ............ 84
ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىش ............ 84
22. پادىشاھ بىلەن ئۇستاز ............ 87
23. ئۇستازغا مەدھىيە ............ 89


## VI ئاساسي مەشق


24. كىچىك كىر قول ............ 94
25. كۆز ۋە قۇلاقنى قانداق ئاسراش كېرەك ............ 97
26*. تازا ھاۋانىڭ پايدىسى ............ 100


## VII ئاساسي مەشق


27. گۈزەل ئەخلاققا مەدھىيە ............ 106
28. قانداق قىلىش كېرەك ............ 108
29. ۋاپاسىزلىق ............ 111
30*. دەپتەرنىڭ نالىسى ............ 114


## VIII ئاساسي مەشق


31. تەكەببۇر توز ............ 120

32. مايمۇن بالىسىنىڭ تاغدىن چۈشۈشى ... 124
33. قۇشلارنىڭ ماھارەت ئۆگىنىشى ...... 128
34. بەختباش خوراز ........ 132

IX ئاساسىي مەشق

يېڭى سۆزلەر ......... 139


*بەلگىسى قويۇلغانلار ئوقۇش تېكىستلىرى

بۇ دەرسلىكتە
ئاساسىي مەشق
تېكىست
ئوقۇش تېكىست
جەمئى 36 تېكىست كىرگۈزۈلگەن.



## 1. مەكتىپىم

غۇنچىدەك ئۆسمەكتىمەن،
مەكتىپىم گۈلشەن ئارا.
تەر تۆكۈپ پەرۋىش قىلار،
باغۋەنىم ئۇستاز ماڭا.
ئاچىدۇ ھەر كۈن قۇچاق،
شۇ ئانا مەكتەپ ماڭا.
بەختىيار دەۋرىدە مېنىڭ،
پارتىيەم رەھمەت ساڭا.
مەكتىپىم پۈتمەس بۇلاق،
بېرىدۇ پەندىن ساۋاق.
يورۇتار دىلنى ھامان،
ياندۇرۇپ نۇرلۇق چىراغ.

كۆنۈكمە:

1. شېئىرنى ئۆگىنىڭ، راۋان ئوقۇشنى ھەمدە دېكلاماتسىيە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.
2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

غۇنچە، گۈلشەن، پەرۋىش، بەختىيار، نۇرلۇق، پۈتمەس

3. بۇ شېئىردا مەكتەپ، ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار نېمىلەرگە ئوخشىتىلغان؟

4. تۆۋەندىكى مىسرالارنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

تەر تۆكۈپ پەرۋىش قىلار،
باغۋەنىم ئۇستاز ماڭا.

5. شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار.

6. شېئىرنىڭ ئاخىرقى مىسراسىنى يادقا يېزىڭلار.



## 2. كىتاب بىزنىڭ دوستىمىز

كىتاب بىزنىڭ دوستىمىز. بىز كىتابنى قىزغىن سۆيىمىز. كىتاب قۇرلىرىدىن تامچە-تامچە بىلىم شەربىتى بىز ياش غۇنچىلارنىڭ يۈرىكىگە تامىدۇ.

بىز كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق ئىدىيىۋى ئەخلاق تەربىيىسى ئالىمىز. تارىختىن بېرى ئۆتكەن ئۇلۇغ، ئاتاقلىق كىشىلەرنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ ئالغا باسىمىز.

كىتاب بىزگە مول بىلىملەرنى بېرىدۇ.

بىز كىتابلاردىكى ھەر خىل قىزىقارلىق شېئىر، چۆچەك، لەتىپە، مەسەل، ھېكايە ۋە تېپىشماقلارنى ئوقۇپ تەربىيە ۋە بىلىم ئالغاندىن سىرت چارچىغان مېڭىمىزنى ئارام ئالدۇرىمىز.

بولۇپمۇ «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتى بىز ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى. ئۇلار

بىزنى خىلمۇخىل مەدەنىيەت بىلىملىرى، تۇرمۇش ۋە ساقلىقنى ساقلاش بىلىملىرى، تارىخىي ساۋادلار، ئىلىم مەسىلىلىرى بىلەن تەمىن ئەتمەكتە. ھەر خىل زېھىن سىناش سوئاللىرى ۋە تېپىشماقلار ئارقىلىق زېھنىمىزنى ئاچماقتا. دانىشمەن نەسىرىدىن ئەپەندى ئارقىلىق بەزى چۈشىنەلمىگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەرمەكتە. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىزگە، ياخشى ئادەم بولۇشىمىزغا، ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزگە يېقىندىن ياردەمدە بولماقتا.

كىتاب بىز ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ بىلىم بۇلىقى، يولىمىزنى يورۇتقۇچى مەشئەل. بىز كىتابنى قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇيمىز.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى تەكرار ئوقۇڭلار.
2. كىتابنى نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىمىز دەيمىز؟ كىتاب بىزگە نېمىلەرنى ئۆگىتىدۇ؟
3. سىز قانداق كىتابلارنى ئوقۇدىڭىز؟
4. «كىتاب» دېگەن سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ جۈملە تۈزۈڭلار.



## 3*. «بىلىمسىزگە ئىش يوق، ئىشسىزغا ئاش»

بۇرۇنقى زاماندا بىر باي ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ھېسابسىز مال - دۇنيالىرى، ھەشەمەتلىك ساراي، ھويلا - ئاراملىرى، توپ - توپ مال پادىلىرى بار ئىكەن. مالاي ۋە چاكارلىرى خىزمىتىگە تەييار ئىكەن. باينىڭ ئارزۇلۇق ئەركە - نايناق بىر ئوغلى بولۇپ، «ئەخمەقنىڭ دوستى تولا، پىيازنىڭ پوستى» دېگەندەك، ئۇنىڭ قىرىق ئاغىنىسى بار ئىكەن. ئەتىدىن كەچكىچە جاھاندىن بىغەم، «ئاتام مازارغا شېيخ، مەن تەييارغا» دەپ، ئاغىنىلىرى بىلەن بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەرلەردە ئويناپ كۈننى بىكار ئۆتكۈزىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە باي ئوغلىنى چاقىرىپ: «ئوغلۇم، ھۈنەر ئۆگەن، ئىلىم ئوقۇغىن، ھۈنەرلىك ئەر خار بولماس، كۈنۈگىنى

بىكار ئۆتكۈزمە» دەپ نەسىھەت قىپتۇ. باي-
نىڭ ئوغلى بۇ نەسىھەتلەرنى قۇلاق تۈۋ-
دىن ئۆتكەن شامالدەك ھېس قىلىپ ئوي-
ناپ - كۈلۈپ يۈرۋېرىپتۇ.



كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ.
بىر كۈنى باي تۇساتتىن ئۆلۈپ قاپتۇ. باي-
نىڭ ئوغلى ئاۋۋالقىدەكلا ئاتىسىدىن قالغان
مال - دۇنيانى يەپ، بەخىرامان ئويناپ -



تاماشا قىلىپ ئۆتۈۋېرىپتۇ. «يېتىپ يېسە تاغ-
مۇ توشمايدۇ» دېگەندەك، ئاتىسىنىڭ مال-
دۇنيالىرىمۇ تۈگەپ، بىر پارچە نانغا زار
بولۇپ، يىغلاپ - قاقشاپ غەمگە پېتىپتۇ.
بىر كۈنى ئاغىنىلىرىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپتۇ.
ئۇلاردىن پاناھ تىلەپ رەستىگە چىقىپتۇ.
«پۇل بار چاغدا مىڭ دوست، پۇل يوق
چاغدا قېنى دوست» دېگەندەك ئۇنى كۆر-
گەن ئاغىنىلىرى ھەر تەرەپكە قېچىشىپتۇ.
ئۇ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ: «ئەينى ۋاقىتتا
ئاتام «ھۈنەر ئۆگەن، ئىلىم ئوقۇغىن» دەپ
نەسىھەت قىلسا قۇلاق سالماپتىمەن... «بىلىم-
سىزگە ئىش يوق، ئىشسىزغا ئاش» دېگەن
ھەقىقەت ئىكەن» دەپتۇ پۇشايمان بىلەن.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى تىنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلىپ، ئۈنلۈك، راۋان ئوقۇڭلار.

2. نېمە ئۈچۈن «بىلىمسىزگە ئىش يوق، ئىشسىزغا ئاش» دەيمىز؟ تېكىستتىكى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق سۆزلەپ بېرىڭلار.

3. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تېكىستتىن تېپىپ ئوقۇڭ-

لار ھەمدە ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ جۈملىدە ئىپادىلى-
گەن مەزمۇنىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

ئۇنىڭ ھېسابسىز مال - دۇنيالىرى،
ھەشەمەتلىك سارايى، ھويلا ئاراملىرى، توپ-
توپ مال پادىلىرى بار ئىكەن.
بىر كۈنى باي توساتتىن ئۆلۈپ قاپتۇ.
ئۇلاردىن پاناھ تىلەپ رەستىگە چىقىپتۇ.
بىلىمسىزگە ئىش يوق، ئىشسىزغا ئاش
(يوق).

4. تېكىست ۋەقەلىكىنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېرىڭلار.

## I ئاساسىي مەشق

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ھەربىرىگە ئىككىدىن جۈملە تۈزۈڭلار.

كىتاب، بىلىم، مەكتەپ

2. تىرناق ئىچىگە مۇۋاپىق سۆزلەرنى يېزىڭلار.

قىسقا — (    ) (سۆز) (    ) (    )

ئوچۇق — (    ) (    ) (ھاۋا) (    )



3. تۆۋەندىكى شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار ھەمدە يادقا يېزىڭلار.

### ئىلىم - پەنگە مۇھەببەت

ئۆگىنىمەن ئىلىم - پەن،
چارچىمايمەن، تالمايمەن.
بۇلىقىدىن بىلىمنىڭ
شەربەت ئىچىپ قانمايمەن.

ئىلىم - پەنگە ئاقىدۇ،
يۈرىكىمدە مۇھەببەت.
بىلىم ھېكمەت بېغىدىن
گۈل ئۈزىمەن تا ئەبەت.

ئىلىم - پەننى ئىشلىتىپ،
يارىتىمەن كەشپىيات.
رازى بولسا ۋەتىنىم،
مەن ياشايمەن مەڭگۈ شاد.

4. تۆۋەندىكى تېپىشماقنى تېپىڭلار.

ئېلىپ قولغا قارىساڭ،
شۇئان ئىككى بولىسەن.
بولسا قانداق ئەيىبىڭ،
ئۇنىڭدىن ئېنىق كۆرىسەن.

5. تۆۋەندىكى رەسىمنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىڭ-
لار. ئۇنىڭدىن كېيىن سۆزلەڭلار، ئاخىرىدا سۆزلىگەنلىرىڭ-
لارنى يېزىڭلار.





## 4. ئېينشتېيىننىڭ كىچىك ۋاقتى

ئېينشتېيىن ئۇلۇغ ئالىم. ئۇ كىچىكى-
دىن تارتىپلا مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشنى
ياخشى كۆرەتتى، كۆپرەك باش قاتۇرۇشنى
تەلەپ قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ئامراق
ئىدى.

ئېينشتېيىننىڭ بەش ياش ۋاقتىلىرى ئى-
دى. بىر كۈنى دادىسى يانچۇقىدىن بىر كوم-
پاسنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئويناشقا بېرىدۇ. ئۇ
كومپاسنى ئۇياق - بۇياققا چايقاپ كۆرۈپ،
كومپاسنىڭ ئىچىدىكى كىچىك يىڭنىنىڭ دا-
ۋاملىق بىرلا تەرەپنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى
بايقايدۇ. ئۇ قانداق نەرسىنىڭ كىچىك يىڭ-
نىنى ئۆزگەرتىۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى
بولۇپ، ئېچىپ قارىسىمۇ ھېچنېمىنى كۆرەل-
مەيدۇ. ئۇنداق بولسا كىچىك يىڭنە ئويۇن
چىقىرىۋاتامدۇ - يە؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا
ئىلىم - پەنگە قىزىقىش باشلىنىدۇ.

ئېينشتېيىن باشلانغۇچ مەكتەپكە كىردى.
ئۇ ناھايىتى كەم سۆز بولغاچقا، بەزى سا-
ۋاقداشلىرى ئۇنى دۆت دەپ مەسخىرە قىلى-
دۇ، مۇئەللىممۇ ئۇنى ئانچە ياخشى كۆر-
مەيدۇ. بىر كۈنى قول ھۈنىرى دەرسى، ئۆ-
تۈلگەندىن كېيىن، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى
ئۆزلىرى ياسىغان نەرسىلىرىنى مۇئەللىمگە
تاپشۇردى، مۇئەللىم لايدىن ياسالغان بىر
دۆۋە ئۆردەك، قورچاق، مومىدىن ياسالغان
مېۋە قاتارلىقلارنىڭ ئىچىدىن ناھايىتى
قامالاشمىغان بىر ئورۇندۇقنى ئېلىپ خاپا بول-
غان ھالدا: «مۇن-
داق قامالاشمىغان
ئورۇندۇقنى قاي-
سىڭلار كۆرۈپ
باققان؟» دەپ سو-
رايدۇ. بالىلارنىڭ
ھەممىسى كۈلۈ-
شۈپ كېتىدۇ. ئېي-
نىشتېيىننىڭ بول-
سا بېشى چۈشۈپ





كېتىدۇ. مۇئەللىم ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ:
«دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئىسكەتسىز ئورۇندۇق
بارمۇ؟» دەيدۇ. ئېينىشتېيىن ئورنىدىن تۇ-
رۇپ، تۆۋەن ئاۋاز بىلەن «بار» دەيدۇ.
ساۋاقداشلىرى ئەجەبلەنگەن ھالدا ئېي-
نىشتېيىنغا قارايدۇ. ئۇ پارتىسىدىن تېخىمۇ
ئىسكەتسىز ئىككى ئورۇندۇقنى چىقىرىپ،
پارتىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ: «مۇئەللىم، بۇ
مېنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىم ياسى-
غانلىرىم، سىزگە تاپشۇرغىنىم بولسا، ئۈچىن-
چى قېتىم ياسىغىنىم. ئۇ گەرچە ياخشى
ياسالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككىسىدىن
ياخشىراق» دەيدۇ. مۇئەللىم ئۇنىڭ مۇنداق
ئەستايىدىللىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بولغان
پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىدۇ.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى تىنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلىپ ئۈنلۈك ئوقۇڭلار ھەمدە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

(1) ئېينىشتېيىن كىچىك ۋاقتىدا قانداق ئىشلارغا ئامراق ئىدى؟

2) ئېينشتېيندا قانداق قىلىپ ئىلىم - پەنگە نىسبەتەن ھەۋەس قوزغالدى؟ ئۇ چاغدا ئۇ قانچە ياشتا ئىدى؟

3) قايسى ئىش مۇئەللىمنىڭ ئېينشتېينغا بولغان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىشكە سەۋەبچى بولدى؟

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

بېرىلىپ ئۆگىنىش، ئېھتىياج، ئەستايىدىل، ئەجەبلىنىش، تەتقىق قىلىش

3. تىرناق ئىچىگە مۇۋاپىق سۆزلەرنى قويۇپ جۈملىلەرنى تولۇقلاڭلار.

1) ئېينشتېين بىر ئۇلۇغ ( ). ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا مەسىلىلەرنى ( ) ياخشى كۆرەتتى.

2) مۇئەللىم ئۇنىڭ مۇنداق ( ) كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بولغان ( ) ئۆزگەرتىدۇ.

4. تېكىستنىڭ بىرىنچى ئابزىسىنى يادقا يېزىڭلار.



## 5. مۇزىكانت نىيې ئېر

نىيې ئېر ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق مۇزىكانتى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ناخشا ئېيتىشقا ۋە باشقىلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلاشقا ئامراق ئىدى. ئۇ بىر ناخشىنى ئىككى قېتىم ئاڭلىسىلا ئۆگىنىۋالاتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ قۇلىقىنى ئالاھىدە سەزگۈر دېيىشەتتى، شۇڭا ئۇ ئىسمىنى نىيې ئېرگە ئۆزگەرتىۋالغانىدى.

نىيې ئېر ناھايىتى ئەقىللىق بولۇپ، ئۆگىنىشتىمۇ ئىنتايىن تىرىشچانىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسى كەمبەغەل بولغاچقا مۇزىكا مەكتىپىگە كىرەلمىدى. ئۇ قىشلىق كىيىملىرىنى سېتىپ بىر ئىسكىرىپكا ئالدى ۋە ئۇنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەندى. نىيې ئېر ئىسكىرىپكا چالغاندا دائىم شۇنداق بېرىلىپ كېتەتتىكى، ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى پەقەتلا سەزمەي قالاتتى. بىر كۈنى ئۇ دەريا بويىدا ئىسكىرىپكا چېلىشنى مەشىق قىلىۋاتقاندا،



بىردىنلا ھاۋا تۇتۇلۇپ، سىم-سىم يامغۇر يېغىشقا باشلايدۇ. نيې ئېر پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئىسكىرىپكا چېلىۋاتقاچقا، يېغىۋاتقان يامغۇرنىمۇ سەزمەي قالىدۇ. مۇڭلۇق مۇزىكا ساداسى سىم-سىم يامغۇردىن ئۆتۈپ، دەرەخزارلىقتىكى چىغىر يوللاردا ياڭرايدۇ. يولدا كېتىۋاتقان كىشىلەرمۇ يامغۇرغا قارىماي ئۇنىڭ ئىسكىرىپكىسىنى بېرىلىپ ئاڭلايدۇ.

كېيىن نيې ئېر مەشھۇر مۇزىكانت بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. ئۇ نۇرغۇنلىغان ئىنقىلابىي ناخشىلارنى ئىجاد قىلىدۇ. 1931-يىلى ياپون باسقۇنچىلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىنى بېسىۋالغاندا، نيې ئېر ئىن-



تايىن غەزەپلىنىپ «پىدائىيلار مارشى»نىڭ مۇزىكىسىنى يېزىپ چىقىدۇ. ئۇ يەنە ئىشچىلار ئوممىسى خور ئۆمەكلىرىگە دىرىژورلۇق قىلىپ كوچىلاردا، مەيدانلاردا ئويۇن قويىدۇ. بۇ جەڭگىۋار ناخشىلار ناھايىتى تېزلىكتە پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىلىپ، كىشىلەرنى قوراللىنىپ، جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشى بىلەن، «پىدائىيلار مارشى» دۆلەت گىمنى قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ جەڭگىۋار ئاھاڭ جۇڭگو خەلقىنى باتۇرلۇق بىلەن ئالغا بېسىشقا مەڭگۈ ئىلھاملاندۇرىدۇ.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار ھەمدە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) نيې ئېر مۇزىكىنى قانداق جاپالىق ئۆگەندى؟

2) نيې ئېر قاچان، قايسى مۇزىكىنى ئىجاد قىلغان؟ ئۇ مۇزىكىنىڭ رولى قانداق بولدى؟

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار، ئاستىغا سىزىق سىزىلغان سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.

ئاتاقلىق، سەزگۈر، جەڭگىۋار، ئەقىللىق، جاپالىق

3. كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق سۆزلەرنى قويۇپ تۆۋەندىكىلەرنى راۋان جۈملىگە ئايلاندۇرۇڭلار ھەمدە كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

نىيې ئېير ئېلىمىزنىڭ ... مۇزىكانتى ئىدى.

بۇ ... ناخشىلار ناھايىتى ... پۈتۈن مەملىكەتكە تارقالدى.

بۇ جەڭگىۋار ناخشىلار جۇڭگو خەلقىنى... بىلەن ئالغا بېسىشقا... ئىلھاملاندۇردى.



## *6. ئۈچ تۈپ گىلاس دەرىخى

لېنىن كىچىك ۋاقتىدا، ئۇلارنىڭ بىر مېۋىلىك بېغى بولۇپ، باغدا ئالما، گىلاس قاتارلىق ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەر بار ئىدى.

لېنىن ۋە ئۇنىڭ ئاكا - ئاچىلىرى دائىم باغنىڭ ئەمگىكىگە قاتنىشاتتى. بىر يىلى يازدا، ئاپىسى شىپاڭ يېنىدىكى گىلاسلارنى كۆرسىتىپ:

— بالىلىرىم، باشقا مېۋىلەرنى يېسەڭلار يەڭلار، لېكىن بۇ ئۈچ تۈپ گىلاسنى 20 - ئىيۇلدىن بۇرۇن ئۈزمەڭلار، — دېدى.

لېنىن ۋە ئاكا - ئاچىلىرى چاۋاك چېلىپ ئاپىسىنىڭ سۆزىنى ماقۇللاشتى.

بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، لېنىننىڭ دادىسىنىڭ بىر دوستى ئۇلارنى يوقلاپ كېلىپ شىپاڭدا ئولتۇردى. ئۇ شىپاڭ ئەتراپىدىكى گىلاسلارنىڭ پىشىپ كەتكەنلىكى-

نی كۆرۈپ ئەجەبلەنگەن هالدا يېندا تۇر-
غان لېنىندىن:

— سىلەر گىلاسنى ياخشى كۆرەمسىلەر؟ — دەپ سورىدى.



— بىز گىلاسنى بەك ياخشى كۆرىمىز.

20 - ئىيۇل دادامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، بۇ گىلاسلارنى شۇ كۈنى يەيمىز، — دەپ جاۋاب بەردى لېنىن.

دادىسىنىڭ دوستى باشمالتىقىنى چىقىرىپ:
«بارىكاللا» دەپ ماختىدى.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى توغرا، راۋان ئوقۇڭلار ۋە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) لېنىننىڭ ئاپىسى نېمە ئۈچۈن بالىلىرىغا 20 - ئىيۇلدىن بۇرۇن گىلاسنى ئۈزمەڭلار دەيدۇ؟

2) دادىسىنىڭ دوستى نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى ماختىدى؟



3) سىلەر بۇ ئىشتىن قانداق تەربىيە ئالدىڭلار؟

2. تېكىستنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېرىڭلار.

## II ئاساسىي مەشق

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى ۋە توغرا، چىرايلىق يېزىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.

جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتى، لېنىن، ئەستايىدىللىق، پوزىتسىيە، پىدائىي، ئېينىشتېين، ئېسكىرپكا، نىيۇ يېر، تاجاۋۇز، جاهانگىرلىك

2. تۆۋەندىكى سۆز بىرىكمىلىرىدىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

كىچىككىدىن تارتىپلا

ئەجەبلەنگەن هالدا

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە مەنىسى يېقىن سۆزلەرنى يېزىڭلار.

قىيىن، چاپسان، ئەقىللىق، ئوقۇتقۇچى

4. تۆۋەندىكى ماقالىلارنى چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

يەن ئۆگەنگەن قەنت يەيدۇ،
ئۆگەنمىگەن غەم.

پەن ئىشقىدا كۆيسەك،
ئالتۇن شوتىدا ئۆرلەيسەن.

5. ئۆزەڭلار ئىزلىنىپ ئىككى تېپىشماق يېزىپ كېلىڭلار.

6. دەرسلىكنىڭ بېشىدىكى رەڭلىك رەسىم — يايلاق مەنزىرىسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ ئاۋۋال سۆزلەڭلار، كېيىن سۆزلىگەنلىرىڭلارنى يېزىپ چىقىڭلار.



## 7. باھار كەلدى

قىش ئۆتۈپ كەتتى، ئىللىق شامال ئاستا - ئاستا باھارنى ئېلىپ كەلدى.

يەرنىڭ توڭى ئېرىپ بوشاشقا باشلىدى. يەردىن ئوت - چۆپلەر ئۈنۈپ چىقىپ، ئەتراپ يېشىل چىمەنلىككە ئايلاندى. بۇغداي مايسىلىرى ئۆسۈپ يۇمران يوپۇرماق چىقىرىشقا باشلىدى.

ئېرىق - ئۆستەڭلەردە، ھەتتا بىرەر پارچە نېپىز مۇزمۇ ئۇچرىمايتتى. سۇ شۇنچىلىك سۈزۈككى، بىر قاراشتىلا سۇنىڭ ئاستىدىكى ھەممە نەرسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئىللىق شامال كېلىش بىلەن، سۇ يۈزىدە بېلىق قاسىرقىدەك دولقۇنلار جىمىرلىشىپ كەتتى. بىرنەچچە ئۆردەك سۇغا سەكرەپ چۈشتى - دە، ئۇيان - بۇيان يايراپ ئۈزۈشكە باشلىدى.

ئۆستەڭ قىرغىقىدىكى تاللار بىخ سۈرۈپ، يۇمران تاللار ئىللىق شامالغا ئەگىشىپ ئاستا - ئاستا لىڭشىماقتا، بىر پاقا ئۇۋىسىدىن چىقىپ، ئۆستەڭ بويىدا ئاستا - ئاستا ئۆمىلىمەكتە.

باھار يېتىپ كەلدى، ئۇ ئەتراپنى يېشىللىققا پۈركەپ، تەبىئەتكە تېخىمۇ گۈزەل ھۆسۈن قوشتى. باھار سىنىپقا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بەردى. ئۇ يەنە تەنتەربىيە مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. خۇشال ئويناۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا تېخىمۇ شادلىق بېغىشلىدى.

**كۆنۈكمە:**

1. ئالدى بىلەن دەرسلىكنىڭ باش تەرىپىدىكى رەڭلىك رەسىمنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىڭلار، ئاندىن تېكىستنى ئوقۇغىلار ھەمدە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

باھارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى قايسى تەرەپلەردىن كۆرگىلى بولىدۇ؟ قىش بىلەن باھارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق ئوخشىماسلىقلار بار؟



2. تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارغا بېرىلگەن سۆزلەرنىڭ مۇۋاپىقلىرىنى قويۇڭلار.

ئىللىق، سۆزۈك، يېشىل، قېلىن

( ) يوپۇرماق ( ) شامال

( ) سۇ ( ) مۇز

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى تېكىستتىن تېپىپ ئوقۇڭلار ھەمدە ئۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

ئاستا - ئاستا، ئىلھام، شانلىق، ئۇيان - بۇيان

## 8. ھەسەل ھەرىسى

باھار كۈنلىرى قۇياش چاقناپ، ئېتىز- دالىلاردا خىلمۇخىل گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغانىدى. نەشپۈتنىڭ ئاق چېچەكلىرى، شاپتۇلنىڭ قىزغۇچ چېچەكلىرى ۋە قىچىنىڭ ئالتۇن رەڭلىك سېرىق چېچەكلىرى ئەتراپقا خۇش پۇراق چاچاتتى.

بىر ھەسەل ھەرىسى شاپتۇل چېچىكىنىڭ ئۈستىگە قونۇپ، قاناتلىرىنى كېرىپ غوڭ- غوڭ قىلغان ھالدا:

— شاپتۇل چېچىكى ھەدە، ياخشىمۇ سىز؟ مەن گۈل چېڭى تارقاتقىلى كەلدىم، — دېدى.

ھەسەل ھەرىسى ئىككى ئالدى پۇتى بىلەن گۈل بەرگىگە ئېسىلدى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئىككى پۇتىدا ئىككى تال ئۇزۇن تۈك بولۇپ، گويا ئىككى دانە چوتكىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ھەسەل ھەرىسى بۇ ئىككى چوتكا ئارقىلىق گۈل چاڭلىرىنى



يۇڭلۇق ئىككى ئارقا پۇتىغا چۇشۇرەتتى، گۈلدىن- گۈلگە قونۇپ، بىردەممۇ توختىماي بىر تەرەپتىن گۈل چاڭلىرىنى يىغقاچ، يەنە بىر تەرەپتىن گۈل چېڭى تارقىتاتتى.

شاپتۇل چېچىكى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، گۈل شىرنىسى ئارقىلىق ھەسەل ھەرىسىنى كۈتۈۋالدى. شاپتۇل چېچەكلىرى:

— ھەسەل ھەرىسى، سەن بىزگە ئىنچىكىلىك ۋە ئەپچىللىك بىلەن گۈل چېڭى تارقاتتىڭ، رەھمەت ساڭا! بۇ ئەڭ ياخشى گۈل شىرنىلىرىنى ساڭا قالدۇردۇق، — دېدى.

ھەسەل ھەرىسى گۈلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شىرنىلەرنى سۈمۈرۈپ خۇشاللىق بىلەن:

— شاپتۇل چېچىكى ھەدە، سىزنىڭ گۈل چاڭلىرىڭىز ھەقىقەتەن كۆپ، مەن ئۇنى ئۆيۈمگە ئېلىپ كېتىپ، ئۇنىڭدىن پېچىنە ياساپ يەيمەن، سىزنىڭ شىرنىلىرىڭىز پۇراقلىق ھەم تاتلىق ئىكەن، مەن ئۇنىڭدىن بىرىنچى دەرىجىلىك ھەسەل ياسايمەن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھەسەل ھەرىسى گۈل شىرنىلىرىنى قانغۇدەك شورىۋېلىپ، گۈل



چاڭلىرىغا مىنىپ ئۇچۇپ كەتتى.

نەشپۈت ۋە قىچا چېچەكلىرى بۇنى كۆرۈپ، قىزغىنلىق بىلەن:

— ھەرىجان، سىزنىڭ ئائىلىمىزگە مېھمان بولۇپ كېلىشىڭىزنى قارشى ئالىمىز، — دېدى. ھەسەل ھەرىسى قاناتلىرىنى كېرىپ:

— بولىدۇ، جەزمەن كېلىمەن، — دېدى.

ھەسەل ھەرىسى ئۇۋۇسىغا كىرىپ، بىردەمدىن كېيىن يەنە قايتىپ چىقتى - دە، ئۆيى ئۈستىدە قورساق قىسمى بىلەن ھەرىكەتلىنىپ، پىرقىراپ ئۇسسۇل ئوينىشقا باشلىدى. ھەمراھلىرى ئۇنىڭ بىرنەچچە يۈز مېتىر يىراقلىقتا شىرنە مەنبەسى تاپقانلىقىنى بىلىپ، ئارقا - ئارقىدىن ئۇۋۇسىدىن ئۇچۇپ چىقىشتى.



ھەسەل ھەرىسى ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ شاپتۇل چېچىكى، نەشپۈت چېچىكى ۋە قىچا چېچەكلىرى... بار يەرگە كەلدى. ئۇلار گۈللەر ئۈستىدە ئالدىراشلىق بىلەن ئىشلەيتتى. بىردەم ئۇچۇپ كېتىپ، بىردەمدە يەنە ئۇچۇپ كېلەتتى، بىردەممۇ توختىمايتتى. ئۇلار جاپالىق ئىشلەپ، كىشىلەر ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ھەسەل چىقىراتتى.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى تىنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلىپ ئۈنلۈك ئوقۇڭلار ھەمدە رەسىمنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىڭلار. ئاندىن ئوقۇغىنىڭلار بىلەن كۆزەتكىنىڭلارنى بىرلەشتۈرۈپ تۆۋەندىكى سوئاللار بويىچە سۆزلەڭلار:

1) ھەسەل ھەرىسى گۈل چاڭلىرىنى قانداق يىغىدۇ ۋە قانداق تارقىتىدۇ؟

2) ھەسەل ھەرىسى گۈل شىرنىسىنى قانداق يىغىدۇ؟ شىرنە بار جايلارنى ھەمراھلىرىغا قانداق خەۋەر قىلىدۇ؟

2. كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق سۆزلەرنى قويۇپ تۆۋەندىكىلەرنى كۆچۈرۈڭلار.

ھەسەل ھەرىسى ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ... چېچىكى... چېچىكى ۋە... چېچەك-

لىرى بار يەرگە كەلدى. ئۇلار... ئۇستىدە... بىلەن ئىشلەيتتى. ...ئۇچۇپ كېتىپ،... يەنە ئۇچۇپ كېلەتتى، ... توختىمايتتى. ئۇلار... ئىشلەپ، كىشىلەر... كۆرىدىغان ھەسەل چىقىراتتى.

3. تېكىستنى روللارغا بۆلۈنۈپ ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.



## 9. سوپىسوپىياك ۋە تاغ قۇشقىچى

سوپىسوپىياكنىڭ دەرەخ ئۈستىدە ئۇۋىسى بولۇپ، ئۇۋىدا ئۇنىڭ بالىلىرى ئۇخلايدىكەن. ئۆزى بولسا، ئۇۋا يېنىدىكى دەرەخ شېخىدا ئولتۇرىدىكەن.

تاشئالما تەكشى يۇمران يوپۇرماق چىقارغانىكەن. سوپىسوپىياك بۇنى كۆرۈپ دەرھال ئۇچۇپ بېرىپ، ھېلىقى يوپۇرماقلار ئارىسىدىن سۇس يېشىل بىر كىچىك قۇرۇتنى تۇتۇپ قايتىپ كەپتۇ. سوپىسوپى-



ياخنىڭ بالىلىرى بويۇنلىرىنى سوزۇپ، كىچىككىنە ساپسېرىق ئېغىزلىرىنى ئاچقان ھالدا:

— ئانا، مەن يەي، مەن يەي، — دەپ چۇرقىرىشىپتۇ. سوپسوپىياڭ كىچىككىنە قۇرتنى بىر بالىسىنىڭ ئاغزىغا سىلىپ قويۇپتۇ. سوپسوپىياخنىڭ ھېلىقى بالىسى ئۇنى مەززە قىلىپ يەپتۇ ۋە ئانىسىدىن:

— بۇ بەك ياخشى نەرسىكەنغۇ، ئېيتىڭا ئانا، بۇ قانداق نەرسە؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئانىسى:

— بۇ يوپۇرماق قۇرتى — زىيانلىق قۇرت، ناھايىتى ھىيلىگەر. ئۇ يىپ قوسۇپ، يۇمران يوپۇرماقلارنى ئورايدۇ — دە، ئۆزى ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ، يوپۇرماق گۆشلىرىنى يەيدۇ، — دەپتۇ.

بىر تاغ قۇشقىچى ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر تۈپ نەشپۈتكە قونۇپ، دەرەخ پوستىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر نەرسىنى تۇتۇۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن سوپسوپىياخنىڭ بالىلىرى ھەيران بولۇشۇپ:

— تاغ قۇشقىچى ھەدە، سىز دەرەخ پوستىنى يەۋاتىسىزغۇ؟ — دەپ چۇرقىرىشىپتۇ.



— بالىلار، سىلەر بىلمەيسىلەر، بۇ دەرەخ پوستى ئەمەس، سېرىق قوڭغۇز. ئۇلار مەخسۇس مېۋە شىرنىسىنى ئوغرىلىقچە يەيدۇ، يامانلىقتا ئۇچىغا چىققان. تاغ قۇشقىچى سۆزىنى تۈگىتىپ، يەنە بىر سېرىق قوڭغۇزنى چىشلىگىنىچە ئۆزىنىڭ بالىلىرىغا ئېلىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپتۇ، سوپسوپىياڭ ۋە تاغ قۇشقىچىنىڭ بالىلىرى چوڭ بوپتۇ. ئۇلار بۆلەك - باراقسان مېۋىزارلىقتا ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچۇپ، ئانىسىغا ئەگىشىپ زىيانلىق قۇرتلارنى تۇتۇپ يەپتۇ.



كۈزدە مېۋىلىك دەرەخلەردە غۇچچىدە مېۋىلەر پىشىپتۇ. مەيىن شامالدا قىپقىزىل

ياد ئىملا يېزىش

تاشئالمىلار، ساپسېرىق نەشپۈتلەر باشلىرىنى ئاستا لىڭشىتىپ، سوپسوپىياك ۋە تاغ قۇشقاچلىرىغا تەشەككۇر ئېيتىپتۇ.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى تىنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلغان ھالدا ئۈنلۈك ئوقۇڭلار ھەمدە بېرىلگەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) سوپسوپىياك تۇتۇۋالغان يېشىل قۇرتنىڭ قانداق زىيىنى بار؟ تاغ قۇشقىچى تۇتۇۋالغان سېرىق قوڭغۇز مېۋىلەرگە قانداق زىيان يەتكۈزىدۇ؟

2) تاشئالما ۋە نەشپۈتلەر نېمە ئۈچۈن سوپسوپىياك ۋە تاغ قۇشقاچلىرىغا تەشەككۇر ئېيتىدۇ؟

2. تېكىستنىڭ ئاخىرقى ئابزاسىنى ياد ئىملا قىلىپ يېزىڭلار.

3. تېكىستنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېرىڭلار.



# *10. باھارنى كىم باشلاپ كەلدى

باھار كەلدى، قۇشلار سايرىدى، گۈللەر ئېچىلدى، كەڭ داللار يېشىللىققا پۈركەندى.

— باھارنى كىم باشلاپ كەلدى؟

قارلىغاچ:

— ئەلۋەتتە، مەن! شۇڭا كىشىلەر مېنى «باھارنىڭ ئەلچىسى» دەپ ماختىشىدۇ، — دەپتۇ.

يەسمەنگۈل:

— سەن ئەمەس، مەن! شۇڭا كىشىلەر «گۈللەر ئېچىلىپ ھۆپپىدە، باھاردىن دېرەك بېرەر» دېيىشىدىغۇ؟ — دەپتۇ.

باھار شامىلى:

— ياق، سىلەر ئەمەس، مەن!... دەپتۇ.

قارلىغاچ، گۈل، شامال بەس-بەس بىلەن مۇنازىرىلىشىۋاتقاندا، ھاۋا بىردىنلا ئۆزگىرىپ، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ،



سىم-سىم يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ.
سوغۇققا چىدىمىغان قارلىغاچ لەمپە
ئاستىدىكى ئۇۋىسىغا كىرىۋېلىپ:
— ۋاي ئىسىت، بەك بالدۇر كېلىپ
قاپتىمەن، توڭلاپ كەتتىم! — دەپ ھەسرەت
چېكىپتۇ.
يەسمەنگۈل يامغۇردا تىترەپ:
— ئاپلا، بەك بالدۇر ئېچىلىپ قاپتىمەن،



باھار تېخى يېتىپ كەلمەپتۇ ئەمەسمۇ! —
دەپ ئۇھ تارتىپتۇ.
باھار شامىلىچۇ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ قاياقلارغا
كەتكىنىنى بىلمەي قاپتۇ. دالىلاردا شىمال
شامىلى گۈركىرەپ چىقىپتۇ ۋە كۈلۈپ
تۇرۇپ:
— باھار كەپتۇمۇ؟ باھار كەلدى دېگەن
كىم؟ ھازىر يەنىلا قىش ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.
ئاچچىق سوغۇق كېتىپتۇ، قۇياش
بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىقىپ، ئۆزىنىڭ
يېقىملىق چىرايىنى ئاچقاندا يەر-زېمىن
قايتىدىن ئىسسىشقا باشلاپتۇ. قۇشلار
سايراپتۇ، گۈللەر ئېچىلىپتۇ، دالىلار
يېشىللىققا پۈركىنىپتۇ.
باھارنى كىم باشلاپ كەلدى؟
قۇش، گۈل، شاماللار تالاش-تارتىش
قىلىشىدى. ئۇلار ئاسماندا ئۈن-تىن
چىقارماي نۇر ۋە ئىسسىقلىق تارقىتىۋات-
قان قۇياشنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:
— باھارنى ئېلىپ كەلگەن ئەنە شۇ
قۇياش! ئەنە شۇ قۇياش، — دېيىشىپتۇ.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى دىئالوگلار بويىچە توغرا، راۋان ئوقۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.

2. باھارنى نېمە ئېلىپ كەلدى؟ تەپسىلىيرەك جاۋاب بېرىڭلار.

3. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئاڭلاپ يېزىڭلار.

قۇش، گۈل، شاماللار تالاش - تارتىش قىلىمدى. ئۇلار ئاسماندا ئۈن - تىن چىقارماي نۇر ۋە ئىسسىقلىق تارقىتىۋاتقان قۇياشنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— باھارنى ئېلىپ كەلگەن ئەنە شۇ قۇياش! ئەنە شۇ قۇياش، — دېيىشىپتۇ.

4. تېكىستنىڭ «ئاچچىق سوغۇق كېتىپتۇ» دېگەن يېرىدىن «پۈركىنىپتۇ» دېگەن يېرىگىچە بولغان قىسمىنى يادلىۋېلىڭلار.

5. تېكىستنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېرىڭلار.

## III ئاساسىي مەشق

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى توغرا ئوقۇشنى ۋە توغرا يېزىشنى مەشق قىلىڭلار.



يوشۇرۇنۇۋېلىش، سوپسوپىياڭ، ھۆپپىدە، مۇنازىرىلىشىش، ئىسسىقلىق، جىمىرلىشىپ

2. «بىردەم» دېگەن سۆز «ھەسەل ھەرىسى» دېگەن تېكىستنىڭ قايسى جايىدا، قانداق ئىشلىتىلگەن؟ شۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

3. تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ مەزمۇنىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەم يادلىۋېلىڭلار.

### مەكتەپتە باھار

ئىللىق باھار يامغۇرى
ئېچىلدۇردى گۈللەرنى.
بۇلبۇل قۇشلار ناۋاسى
ياشناتتى كۆڭۈللەرنى.
كۆچەت تىكىپ باغ قىلدۇق،
ئانا مەكتەپ قويىندا.
دادىل قەدەم تاشلىدۇق،
پەن مەرىپەت يولىدا.
مەكتەپ گۈزەل باغىمىز،
مەكتەپ باھار يازىمىز،
ئۈنى قىزغىن مەدھىيلەپ،
ياڭرار ناخشا سازىمىز.

4. تۆۋەندىكى رەسىمگە قاراپ ئالدى بىلەن ئېغىزچە بىرنەچچە جۈملە تۈزۈڭلار، ئاندىن تۈزگەن جۈملىلىرىڭلارنى يېزىڭلار.





## 11. جۇڭگو پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ ئەترەت شېئىرى

بىز كوممۇنىزم ئىزباسارى بىز،
ئەجدادلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىس بولىمىز.
ۋەتەننى سۆيىمىز،
خەلقنى سۆيىمىز،
يەلپۈنەر چوغدەك قىزىل گالستۇكىمىز.
جاپادىن قورقمايمىز،
دۈشمەندىن قورقمايمىز،
تىرىشىپ ئۆگىنىمىز، قەتئىي كۈرەش قىلىمىز،
غەلىبىسىرى مەردلەرچە ئالغا،
بىز كوممۇنىزم ئىزباسارى بىز.

× × ×

بىز كوممۇنىزم ئىزباسارى بىز،
ئىنقىلابىي ئەجدادلار ئىزىدىن ماڭىمىز،
ۋەتەننى سۆيىمىز،

خەلقنى سۆيىمىز،
پىئونىر بىزنىڭ پەخىرلىك نامىمىز.
دائىم تەييار بىز،
تۆھپە يارىتىشقا،
دۈشمەننى قويماي تولۇق يوقىتىشقا،
غايىمىز ئۈچۈن مەردلەرچە ئالغا،
بىز كوممۇنىزم ئىزباسارى بىز.

كۆنۈكمە:

1. شېئىرنى ئۈنلۈك، راۋان ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.
2. شېئىر مەزمۇنىغا ئاساسەن پىئونېرلارنىڭ قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.
3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە ئاستىغا سىزىق سىزىلغان سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.

ئىزباسار، ئەجداد، ئەنئەنە، ۋارىس، مەردلەرچە،
پەخىرلىك، تۆھپە، غايە، قەتئىي، كوممۇنىزم

3. شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار.
4. شېئىرنىڭ «دائىم تەييار بىز» دېگەن پېرىدىن ئاخىرىغىچە بولغان قىسمىنى يادقا يېزىڭلار.



# 12. بىر ئەدەبلىك بالىنىڭ ۋەدىسى

ئەخمەت ئەدەبلىك بالا بولۇپ، ئۇ مەكتەپكە كىرىش ئالدىدا ئاتا - ئانىسىغا مۇنداق ۋەدە بەردى:

— مەن غەيرەتلىك، تىرىشچان بالا بولۇشقا ۋەدە بېرىمەن. مەكتەپنىڭ تەرتىپ - قائىدىلىرىگە بويسۇنۇپ، ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ئىش قىلىمەن. ئۇلارنى ھۆرمەتلەيمەن، ئېيتقان سۆزلىرىنى جان - دىلىم بىلەن قوبۇل قىلىمەن. ئەلا ئوقۇشقا تىرىشىمەن. سىنىپتا تىنچ ئولتۇرۇپ، ئوقۇتقۇچۇم سۆزلىگەن دەرسنى دىققەت بىلەن ئاڭلايمەن. شوخلۇق قىلىپ دەرسخانىنىڭ تەرتىپىنى بۇزمايمەن، ئوقۇتقۇچىمنى رەنجىتمەيمەن. ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئۇرۇشۇپ، تىللىشىپ، غەۋغا - جاڭجال چىقارمايمەن. ئۇلار بىلەن دوست بولۇپ ئاكا - ئۇكىدەك ئۆتىمەن. مەكتەپنىڭ تام -

ئىشكىلىرىگە ھەر تۈرلۈك سىزىقلارنى، رەسىملەرنى سىزىپ بۇلغىمايمەن. دەرسلەردىن سەۋەبسىز بىر كۈنمۇ قالمايمەن. مەكتەپكە، دەرسكە كېچىكمەي ئۆز ۋاقتىدا بارىمەن. كىتاب ۋە دەپتەرلىرىمنى پاسكىنا قىلمايمەن. دەرس تۈگىگەندىن كېيىن ئەزىز ئاتا - ئانىلىرىم - سىلەرنى ئەنسىرەتمەي ئۆيگە تېز قايتىپ خىزمىتىڭلارنى قىلىمەن. كوچىلارغا قەغەز پارچىلىرى، نان ئۇۋاقلىرىنى تاشلىمايمەن. ئۆزەمدىن چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارغا سالام بېرىمەن. قۇشلارغا، ھايۋانلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيمەن. باشقىلارنىڭ مال ۋە نەرسە - كېرەكلىرىگە زىيان سالماي، ئۇلارنىمۇ ئۆزەمنىڭ نەرسىلىرىدەك كۆرۈپ ئاسرايمەن، ۋەتىنىمىزنىڭ ھەقىقىي خىزمەتچىسى بولۇپ يېتىشىش ئۈچۈن ۋەدە بېرىپ قەسەم ئىچىمەن.

ساۋاقداشلار! ئوقۇيلى، دەرسنى زېھىن قويۇپ ئوقۇيلى، دەرس سىرتىدا پايدىلىق كىتابلارنى ئوقۇيلى، كىشىنىڭ ئەڭ ئەزىز، ئەڭ شېرىن ۋە ئەڭ قىممەتلىك ۋاقتى بالىلىق-



ياشلىق دەۋرىدۇر. ئەنە شۇنداق قىممەتلىك ۋاقتىمىزنى، ئەزىز ئۆمرىمىزنى پايدىسىز ئىشلارغا سەرپ قىلمايلى. بىر دانىشمەن: «كۆركەم خۇلق - مىجەز ئىككى نەرسە ئارقىلىق، يەنى ئىلىم، ئەدەب، ئۆگىنىش ۋە يامان ئىشلاردىن ساقلىنىش ئارقىلىق تېپىلىدۇ» دېگەن.

كۆنۈكمە:

1. ئەخمەت مەكتەپكە كىرىش ئالدىدا ئاتا-ئانىسىغا قانداق ۋەدە بەردى؟ تېكىستنى پىششىق ئوقۇپ، ئاندىن جاۋاب بېرىڭلار.

2. تېكىستنىڭ «ساۋاقداشلار!» دېگەن يېرىدىن ئاخىرىغىچە بولغان قىسمىنى يادقا يېزىڭلار.

# 13. مۇستاپا

بۈگۈن ياخشى ئىش قىلغان ئوقۇغۇچىلارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا مۇستاپانىڭ كۆڭلى ناھايىتى بىئارام بولدى. يىغىندا ياخشى ئىش قىلغان ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا ئۇنىڭ ئىككى دوستى — بىرى، يولدىن پۇل قاپچۇقى تېپىۋېلىپ مەكتەپكە تاپشۇرغانلىقى ئۈچۈن، يەنە بىرى بولسا، بىر يولۇچى بوۋاينىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ مېھمانخانىغا ئاپىرىپ قويغانلىقى ئۈچۈن قەلەم ۋە خاتىرە دەپتەر بىلەن مۇكاپاتلاندى. لېكىن مۇستاپا تا مۇشۇ كۈنگە قەدەر، بىرەر قېتىممۇ تەقدىرلىنىپ باقمىدى.

ئۇ چوڭراق بىر نەرسىنى تېپىۋېلىپ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئويلاپ يوللارغا شۇنچە قارىسىمۇ، ئۇنىڭ تەلىيىگە ھېچ نەرسە ئۇچرىمايتتى، يا ئۇنىڭغا ئېغىر يۈكى بار بوۋاي-مومايلارمۇ يولۇقمايتتى.



ئېخ، ئۇ بىرەر ئىش قىلسا - يۇ، مۇرادىغا يەتسە. ئۇ شۇ ھەقتە كۆپ ئويلايتتى. بىر قېتىم ماتېماتىكا دەرسى ۋاقتىدا ياخشى ئىش قىلىش ھەققىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىنىڭ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي ناھايىتى خىجىللىقتا قالدى...

بۈگۈن ئىككى دوستىنىڭ ئالاھىدە تەقدىرلىنىشى ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئوتنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. لېكىن ئۆيگە قايتقىچە ئۇنىڭغا يولدا يەنە ھېچ نەرسە ئۇچرىمىدى. تەلىيىگە يول بويىدا چوڭ سومكا كۆتۈرگەن 40 ياشلاردىكى بىر كىشى ئۇچرىغانىدى، لېكىن ئۇ كىشى ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشىكى يېنىغا كېلىپ قالغان ئادەم بولۇپ چىقتى. مۇستاپانىڭ كۆڭلى لاسىدە بولۇپ قالدى.

مۇستاپا ئۆيگە كەلدى - دە، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ئوڭدىسىغا چۈشتى ۋە خىيال سۈرۈشكە باشلىدى: «بىر كىچىك بالا سۇغا چۈشۈپ كەتسە، مەن دەرھال سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنى قۇتقۇزىۋالسام...»

ئۇنىڭ خىيالىنى سىرتتىن كىرگەن ئانىسى بۆلدى.

— بالام، ئىبرىقتا سۇ كەپتۇ. سەن يېڭى تىككەن كۆچەتلەرگە سۇ قۇيۇۋەتكىن.

— ئۆزەڭ قىل، مەن مۇھىم بىر ئىشنى ئويلاۋاتىمەن، — مۇستاپا ئانىسىغا ئەركىلەپ كارىۋات ئۈستىدە ئېغىناپ قويدى، ئانىسى گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى.

مۇستاپا يەنە ئويلىناتتى: «ئاتلار ھارۋىنى ئەپقېچىپ كەتسە، مەن قىلچە ئىككىلەنمەي، ئاتلارنى تۇتۇۋېلىپ دۆلەتنىڭ مۈلكىنى ئاسراپ قالسام، كوچىدا ئويناۋاتقان بالىلارمۇ خەتەردىن قۇتۇلسا...»

شۇ ئارىدا ئاكىسى كىرىپ:

— مەن دادامنىڭ كۆۋرۈك رېمونت قىلىشىغا قارىشىپ بېرىۋاتاتتىم، دۈينىڭ بىر ئىشى چىقىپ قالدى، سەن چىقىپ شاخ-شۇمبا توشۇپ دادامغا قارىشىپ بەرگىن، — دېدى.

— ھېلى چىقىمەن، — دېدى مۇستاپا ۋە ئاكىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن يەنە خىيالغا چۆمدى: «بىر ئاخشامدىلا ھەممە دەرسلەرنى بىلىۋالسام، ساۋاقداشلارنىڭ



ھېچقايسىسى ماڭا يېتىشەلمىسە...»

شۇ ئەسنادا دادىسى كىرىپ، ئۇنىڭ تېخىچە تورۇسقا قاراپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. مۇستاپا دادىسىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بىكاردىن-بىكار ياتمىغانلىقىنى، بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ مەكتەپ بويىچە ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇشنى ئويلاۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— ھەي نادان بالا، — دېدى دادىسى، — ياخشى ئىش يولدىلا ئۇچرايدۇ دەمسەن، كۆچەتلەرگە سۇ قۇي، كۆچەتلەر چوڭ بولسا، چوڭ-چوڭ ئىمارەتلەرنى، زاۋۇتلارنى سېلىشقا كېرەك بولىدۇ. مېنىڭ كۆۋرۈك ياسىشىمغا ياردەملىشىپ بەر، ئۇيان-بۇيان ئۆتكەن ئادەملەر، ھارۋا-ماشىنىلار ئۇنىڭدىن بىخەتەر ئۆتىدۇ. كەچتە دەرسلىرىڭنى ئوبدان تەكرارلا، تاپشۇرۇقلارنى ۋاقتىدا ئىشلە. بىلىملىك بولساڭ سەندىن ئەلگە نەپ تېگىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئىش...

مۇستاپا دادىسىنىڭ سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ شۇ كۈنى كۆۋرۈك

ياساشقا ياردەملەشتى، كۆچەتلەرگە سۇ قۇيدى، كەچتە دەرس تەكرارلىدى، تاپشۇرۇقلارنى ئىشلىدى.

دەرۋەقە، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي مۇستاپا باشقا دوستلىرى قاتارىدا «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ تەقدىرلەندى.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى پىششىق ئوقۇپ تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) مۇستاپا مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ نېمىلەرنى ئويلىدى؟

2) دادىسى مۇستاپاغا نېمە دېدى؟

3) مۇستاپا ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ئاخىرى قانداق قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇردى؟

2. «ھەي نادان بالا» دېگەن يەردىن «ياخشى ئىش...» دېگەن يەرگىچە ئاڭلاپ يېزىڭلار.



# *14. يامغۇر ياغقاندا

ئايگۈل مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، ئۆينى سۈپۈرۈۋاتاتتى، تۇيۇقسىز ھاۋا گۈلدۈرلەپ يامغۇر يېغىپ كەتتى. ئۇ ئاشخانا ئىشىكىگە كېلىپ ھويلىغا قارىدى. يامغۇر قاتتىق شارقىراپ شىددەت بىلەن ياغماقتا. ئۇنى ئەنسىزلىك باستى. چۈنكى ئۇنىڭ ئانىسى ئۆيدىن خېلى يىراق بىر ئىدارىدە پىيادە بېرىپ-كېلىپ ئىشلەيتتى. ئايگۈل يامغۇرغا قاراپ تۇرۇپ بىردىنلا ئەقىل تاپقاندەك بولدى-دە، ئاشخانىدىن چىقىپ ئۆيگە كىردى. ئۇ چاپىنىنى كىيىپ كۈندۈكنى ئاچقان ھالدا سىرتقا چىقتى ۋە ئۇدۇل ئانىسى ئىشلەيدىغان ئىدارىگە يۈرۈپ كەتتى. خىيالىدا پەقەت ئانىسىلا ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گاھ ئانىسىنىڭ ئىدارە ئالدىدىكى لەمپە ئاستىدا يامغۇرغا قاراپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇشلىرى، گاھ

پاتقاق يولدا تەمترەپ ميڭىشلىرى گەۋدىلىنەتتى. ئايگۈل ئەمدى يۈگۈرۈشكە باشلىدى. يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ بىر يانتۇ يەردە تۇيۇقسىزلا تېيىلىپ كېتىپ پاتقاققا يىقىلدى. ئۇنىڭ كىيىملىرى لايغا مىلەنگەنىنىڭ ئۈستىگە يوتىسى ئاغرىپ كەتتى. شۇ ھالەتتىمۇ يەنىلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئانىسىنىڭ خۇددى ئۆزىدەكلا پاتقاققا يىقىلىپ، ماڭالمايۋاتقان ھالىتى گەۋدىلەندى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى-دە، ئانىسى ئىشلەيدىغان ئىدارە تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

ئايگۈل ئىدارىگە كىرىپ كەلگەندە، ئانىسى ئىشتىن چۈشۈشكە تەييارلىنىۋاتاتتى. ئانا كىيىم-كېچەكلىرى ھۆل، ھەم لايغا مىلىنىپ كەتكەن قىزىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى!

— ئايگۈل! قىزىم...

— ئانا! — ئايگۈل كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئانىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى، — مەكتەپتىن كېلىپ تۇرۇشۇمغىلا يامغۇر يېغىپ كەتتى، بۇ كۈنلۈكنى ئېلىپ ئالدىڭىزغا كەلدىم.



— داداڭچۇ؟

— دادام تېخى كەلمىدى، دادامنىڭ يامغۇرلۇق چاپىنىنىمۇ ئاپىرىپ بەرسەك بولاتتى.

شۇ ئەسنادا ئايگۈلنىڭ ئانىسىنىڭ خىزمەتداشلىرى سۆزلەپ كەتتى.

— نېمىدېگەن ئوبدان قىز!

— نېمىدېگەن مېھرىبان قىز!

— ئەقىللىق ئىكەن...

— ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا دېگەن مانا شۇ-دە!..

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى راۋان، ئۈنلۈك ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. ئايگۈلنىڭ ئانىسىنىڭ خىزمەتداشلىرى ئايگۈلنى نېمىدەپ ماختاشتى؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق ماختىشىدۇ؟

3. «ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا» دېگەن ماقالىنىڭ مەزمۇنى نېمە؟ تېكىست ۋەقەلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ چۈشەنگىنىڭلارنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

4. «تۇيۇقسىز»، «گاھ... گاھ...»، «گەۋدىلىنەتتى» دېگەن سۆزلەر تېكىستنىڭ قايسى جايلىرىدا ئىشلىتىلگەن؟ تېكىستتىن شۇ سۆزلەرنى تېپىڭلار ۋە مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

## 15. ئەلنىڭ بەختى بولۇپ قال

مەكتىپىمدە بىر قىز بار،
ئىسمى ئۇنىڭ بەختىگۇل.
يېڭى ئۇزۇن سەپەردە
سەپ ئالدىدىن ئالدى يول.
ئۆگىنىدۇ بەك قىزغىن،
تەلەپ قويۇپ ئۆزىگە.
تولۇق قۇلاق سالىدۇ،
مۇئەللىمنىڭ سۆزىگە.
چۈشىنىدۇ زەن قويۇپ،
ھەربىر سۆزنىڭ تەگتىنى.
چاك قوندۇرماي ئاقلايدۇ،
تۈزگەن پىلان ـ ئەھدىنى.
تىنىم تاپماي ئىشتىن سىرت،
كۆرىدۇ كۆپ ماتېرىيال.
ئۆستۈرىدۇ ئەقلىنى،
قىلماي قۇرۇق خام ـ خىيال.
ئۆستى ساغلام بەختىگۇل،
چەبدەس، زېرەك ھەم تېتىك.
تەگتۇشلىرى ئىچىدە



زېھنى ئۆتكۈر ھەم ئىتتىك.
بۇ مەۋسۇمدا بەختىگۇل
«ئۇچتە ياخشى» سايلاندى.
ئۆگىنىشتە يارامىلىق
زەربىدارغا ئايلاندى.
شۇڭا دەيمەن بەختىڭ زور،
تىرىش يەنە بىلىم ئال.
ئۆرلە كۆككە يۈكسىلىپ،
ئەلنىڭ بەختى بولۇپ قال.

ماقال:

بىلىم بىلەن قوراللانغان كىشى،
ھەممە ئىشنىڭ بولىدۇ بېشى.

كۆنۈكمە:

1. شېئىرنى ئۈنلۈك، راۋان ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.
2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار
ھەم دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈۋېلىڭلار.
يېڭى ئۇزۇن سەپەر، زەن قويۇش، ئەھدى، زەربىدار،
چەبدەس
3. شېئىرنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.
4. شېئىرنىڭ ئالدىنقى تۆت كۇپلېتىنى يادلىۋېلىڭلار.
5. شېئىرنىڭ ئاخىرقى ئۈچ كۇپلېتىنى يادقا يېزىڭلار.

## ئىلتىماس

كىشىلەر تەشكىلگە ئۆزىنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرىنى بايان قىلىپ، تەشكىلدىن ئۆزىنىڭ ئارزۇ ۋە تەلەپلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشىنى سوراپ ئىلتىماس يازىدۇ. ئەنە شۇ خەت ئىلتىماس دېيىلىدۇ.

ئىلتىماس خەت - چەكلەرنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىلتىماس يازغۇچىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى، ئورنى، قىسقىچە ئەھۋالى، ئارزۇسى ۋە تەلىپى ئېنىق يېزىلىشى لازىم. ئاخىرىدا ئىلتىماس يېزىلغان ۋاقىت (يىل، ئاي، كۈن) يېزىپ قويۇلىدۇ.

پىئونېرلار ئەترىتىگە ئىلتىماس:

مەن پىئونېرلار ئەترىتىگە كىرىشنى ئارزۇ قىلىمەن. چۈنكى پىئونېرلار ئەترىتى جۇڭگو ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئاۋان-



گارت تەشكىلاتى. مەن پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىپ، بەدىنىمنى ئاكتىپ چېنىقتۇرۇپ «ئۈچتە ياخشى پىئونېر» بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. شۇڭا بۇ ئىلتىماسنى يازدىم. ئويلىشىپ كۆرۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھۆرمەت بىلەن 2 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئوسمان تۇردى.

1988 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى

كۆنۈكمە:

1. ئىلتىماس دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق يېزىلىدۇ؟
2. ئۆگەنگەندىن پايدىلىنىپ ھەرقايسىڭلار ئۆز ئالدىڭلارغا بىر پارچىدىن ئىلتىماس يېزىپ كېلىڭلار.

### IV ئاساسىي مەشق

1. تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەردىكى سۆزلەرنىڭ ئورۇن تەرتىپىنى توغرىلاڭلار ھەر بىر جۈملىدىن كېيىن چېكىت قويۇشنى ئۇنتۇماڭلار.

1) ھەر كۈنى گىمناستىكا ئوينايمىز مەكتەپتە بىز

2) تاپشۇرۇقلارنى بېرىلگەن ئۆيگە
ئورۇندايمىز چوقۇم
3) ياردەم بېرىپ، بىر - بىرىمىزگە ئالغا
باسايلى بىرلىكتە

2. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ئۇنى چۈشىنىۋېلىڭلار
ھەمدە چىرايلىق قىلىپ كۆچۈرۈڭلار.

جۇڭگو پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ مەقسىتى —
بەش سۆيۈش روھىنى يېتىلدۈرۈش.
جۇڭگو پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ ھەر بىر
ئەزاسى ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش،
ئەمگەكنى سۆيۈش، پەننى سۆيۈش، ئومۇمنىڭ
مال - مۈلكىنى سۆيۈشتىن ئىبارەت «بەش
سۆيۈش» روھىنى يېتىلدۈرۈشى لازىم.

3. تۆۋەندىكى پىئونېرلار قوشىقىنى يادلىۋېلىڭلار.

بىز پىئونېر ئوت يۈرەك،
ئەل ئىشقىدا تاۋلانغان.
كوممۇنىزم ئىشىغا
ۋارىس بولۇپ راستلانغان.
كوممۇنىستىك پارتىيە
يېتەكلىدى بىزلەرنى.
تەييار بولۇپ ھەر دائىم،
ئاقلايمىز بىز ئۈمىدنى.



بۇ يۈكسىلىش دەۋرىدە
ئورغۇتىمىز جاسارەت.
گۈزەل پارلاق ئەتىگە
ئىلگىرلەيمىز داۋامەت.

4. تۆۋەندىكى تېپىشماقنى تېپىڭلار.

كېچە - كۈندۈز چېكىلدايدۇ.
تىلى بىر خىل لىكىلدايدۇ.
توختايدىغان يېرى يوق،
ئاشىدىغان قىرى يوق.
ماڭسا يولى تۈگىمەيدۇ،
بىر ئورۇندا چۆرگىلەيدۇ.
بىزگە كېرەك بىر نېمە،
تېپىڭلارچۇ ئۇ نېمە؟

5. دەرسلىكنىڭ بېشىدا بۇ كۆنۈكمە ئۈچۈن بېرىلگەن
رەڭلىك رەسىمنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىڭلار ھەمدە
ھەربىر رەسىم ئۈچۈن بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

# 16. قاغا بىلەن قارلىغاچ

قاغا ئۆزىنى بىلىمچان قىلىپ كۆرسىتىشكە ناھايىتى ئامراق ئىكەن.

بىر كۈنى تاڭ ئېتىشى بىلەن تەخىلا كوچىلاردىكى ئېلېكتر لامپۇچكىلىرى ئۆچۈپ قاپتۇ. بۇ ئىشتىن ھەيران بولغان قارلىغاچ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن قاغىدىن:

— قاغا ئاكا، لامپۇچكىلار ئۆچۈپ قالدىغۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سوراپتۇ.

بۇ سوئال بىلەن قاغىنىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ قاپتۇ. ئۇ لامپۇچكىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆچۈپ قالىدىغانلىقىنى زادى بىلمەيدىكەن. لېكىن قاغا بىلمەيدىغانلىقىنى ئىقرار قىلغۇسى كەلمەپتۇ، قارلىغاچ مېنى مەسخىرە قىلىدۇ دەپ ئويلاپ، سوغۇققىنا بىر كۈلۈمسىرەپ قويۇپتۇ-دە، قارلىغاچنى كۆزگە ئىلمىغان ھالدا:



— مۇشۇنچىلىك ئاددىي ئىشنىمۇ بىلمەمسەن؟ — لامپۇچكىنىڭ يېغى تۈگەپ، پىلىكى كۆيۈپ بولدى-دە، — دەپتۇ.

— شۇنچىۋالا كۆپ لامپۇچكىلارنىڭ پىلىكى، يېغى بىرلا ۋاقىتتا تۈگەپ كېتەمدۇ قاغا ئاكا! — دەپتۇ قارلىغاچ ئۇنىڭ جاۋابىدىن ئىككىلىنىپ. قاغا يېڭىلگەنلىكىگە يەنە قايىل بولماپتۇ. ئۇ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۆزىنىڭ بوش كەلمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:



— ئەلۋەتتە شۇنداق، ھەممىسىنىڭ يېغى تۈگەپ كەتتى، ئىشەنمىسەڭ بىر باشتىن قاراپ باقمامسەن!

قارلىغاچ لامپۇچكىلارغا بىر-بىرلەپ قارىسا دېگەندەك ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياغ يوق. ئۇ قاغىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپتۇ.

كەچ كىرىپ، قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن كوچىلاردىكى لامپۇچكىلار بىردىنلا يېنىپ كېتىپتۇ، ساددا قارلىغاچ لامپۇچكىلارغا يەنە بىر باشتىن قاراپ چىقىپتۇ.

— هوي، لامپۇچكىنىڭ ئىچىدە ياغنىڭ يۇقىمۇ يوققۇ! قارلىغاچ هەيران بولۇپ، دەرهال قاغىنى تېپىپتۇ.

— قاغا ئاكا، لامپۇچكىلار يەنە بىر ۋاقىتتىلا يېنىپ كەتتىغۇ؟



قاغا خېلىغىچە لام-جىم دېيەلمەپتۇ. ئۇ يۈزى قىزارغان، دۈدۈقلىغان هالدا:

— بىزگە كۆرۈنمەيدىغان بىر خىل ياغ قاچىلانغان بولسا كېرەك، — دەپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قېشىغا بىر غاز كەپتۇ-دە، قاغىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇختىتالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ قاغىغا پىچىرلاپ:





— ئۇكام، بىلمەيدىغان نەرسىنى بىلمەيمەن دەپ ئېيت، يالغاندىن بىلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىشنىڭ نېمە هاجىتى؟ لامپۇچكىغا ياغمۇ، پىلىكمۇ ئىشلىتىلمەيدۇ. ئۇ توك بىلەن يورۇيدۇ، — دەپتۇ.

قاغا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي كېتىپ قاپتۇ.

ماقال:

بىلگىنىڭنى ئايىما،
بىلمىگەننى بىلمەن دەپ كايىما.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى ئوقۇڭلار، ئاۋازلىق ئوقۇڭلار ھەمدە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) قارلىغاچ قاغىدىن بىرىنچى قېتىمدا نېمىنى

سورىدى؟ قاغا ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بەردى؟ ئىككىنچى قېتىمدا نېمىنى سورىدى؟ قاغا قانداق جاۋاب بەردى؟ غاز قاغىنى نېمە ئۈچۈن تەنقىد قىلدى؟

2. تېكىستنى تەپسىلىي ھالدا قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار.

3. غازنىڭ قاغىغا ئېيتقان سۆزلىرىنى ياد ئىملا قىلىپ يېزىڭلار ھەمدە تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇشقا دىققەت قىلىڭلار.

4. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار. ئۇ جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ قانداق مەنە ئىپادىلىگەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

بۇ سوئال بىلەن قاغىنىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ قاپتۇ.

بۇ سوئال بىلەن قاغىنىڭ ئاغزى ئېتىلىپ قاپتۇ.

بۇ سوئال بىلەن قاغىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

5. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە ئۇلارغا مەنىسى يېقىن بولغان سۆزلەرنى يېزىڭلار.

ھەيران قېلىش، ئىقرار قىلىش، مەسخىرە قىلىش، قايىل بولۇش، دەرھال



## 17. تۆگە ئىزدەش

بۇرۇنقى زاماندا بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن. بىر كۈنى ئۇ سەپەر ئۈستىدە تۆگىسىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. سودىگەر ھەممە جاينى دېگۈدەك ئىزدىگەن بولسىمۇ، لېكىن تۆگىسىنى زادىلا تاپالماپتۇ. ئۇ ئىنتايىن تىت-تىت بوپتۇ ۋە ئىزدەشنى يەنىلا داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا، ئۇ ئالدى تەرەپتە كېتىۋاتقان بىر بوۋايىنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، تېزدىن ئۇنىڭغا يېتىشىپ بېرىپ:

— بوۋا، تۆگە كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بوۋاي:

— سىز سورىغان تۆگىنىڭ سول پۇتى بىرئاز ئاقسامتى؟ — دەپتۇ.

— ھەئە.

— سول تەرىپىگە ھەسەل، ئوڭ تەرىپىگە گۈرۈچ ئارتىلغانمۇ؟

— دۇرۇس.

— بىر چىشى يوقمىدى؟

— دەل شۇنداق. ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى كۆردىڭىزمۇ؟

— ئۇ تەرىپىنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ.

— مېنى ئالدىما، — دەپتۇ سودىگەر غەزەپلىنىپ، — تۆگەمنى جەزمەن سەن يوشۇرۇپ قويۇپسەن، بولمىسا شۇنچىۋالا بەلگىلىرىنى قانداق بىلىسەن؟

— نېمىگە خاپا بولىسەن، سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىمامسەن، — دەپتۇ بوۋاي تەمكىنلىك بىلەن، — ھېلىراقتا مەن يولدا تۆگىنىڭ ئىزىنى كۆردۈم. ئوڭ تەرەپتىكى ئىزنىڭ چوڭقۇر، سول تەرەپتىكىسىنىڭ تېيىز ئىكەنلىكىدىن، ئۇنىڭ سول پۇتىنىڭ ئازراق ئاقسايدىغانلىقىنى بىلدىم. مەن يەنە يولنىڭ سول تەرىپىدە ئازراق ھەسەل، ئوڭ تەرىپىدە ئازراق گۈرۈچنى كۆرۈپ تۆگىگە ئارتىلغىنى جەزمەن ئاشۇنداق ئىككى خىل نەرسە، دەپ ئويلىدىم. مەن يەنە تۆگە يېگەن دەرەخ يوپۇرماقلىرىدا چىش ئىزلىرىنىڭ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىر چىشىنىڭ كەملىكىنى بىلدىم. تۆگىنىڭ زادى نەگە كەتكەنلىكىگە كەل-



سەك، سەن ئۇنىڭ ئىزىغا قاراپ ئىزلىگىن.

سودىگەر بۇنى ئاڭلاپ، بوۋاينىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە يول بويى ئىزلەپ مېڭىپتىكەن، دەرۋەقە يوقالغان تۆگىسىنى تېپىۋاپتۇ.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى ئۆگىنىپ، راۋان ئوقۇڭلار ھەمدە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:
بوۋاي سودىگەر يوقىتىپ قويغان تۆگىنىڭ بەلگىلىرىنى قانداق بىلىۋالدى؟ سودىگەر تۆگىسىنى قانداق تېپىۋالدى؟

2. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئاڭلاپ يېزىڭلار.
1) بۇرۇنقى زاماندا بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇ بىر كۈنى سەپەر ئۈستىدە تۆگىسىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ.
2) تۆگىنىڭ سول پۇتى ئازراق ئاقسايتتى.
3) تۆگىنىڭ سول تەرىپىگە ھەسەل، ئوڭ تەرىپىگە گۈرۈچ ئارتىلغانىدى.
4) تۆگىنىڭ بىر چىشى كەم ئىدى.
5) تۆگە زادى نەگە كەتتى؟ ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئىزىغا قاراپ ئىزدەش كېرەك.

3. تېكىستنى تەپسىلىي ھالدا قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار.

## 18. يىلان بىلەن چۈمۈلە

بىر يىلان يولدا كېتىپ بېرىپ، قىشلىق ئوزۇقنى توشۇۋاتقان چۈمۈلىلەرگە ئۇچراپ قاپتۇ. يىلان تەكەببۇرلۇق بىلەن:

— ھەي پىندەك چۈپرەندىلەر، غوجاكاڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈشمىدىڭمۇ؟ نېمىشقا يول بوشىتىپ تۇرۇشمايسەن؟ — دەپتۇ.

— كۆرۈشنى كۆردۇق، يول كەڭرى بولغاندىن كېيىن ئايلىنىپ ئۆتەرمىكىن دەپ ئويلاپتۇق، — دەپتۇ چۈمۈلىلەر.

يىلان قاتتىق غەزەپلىنىپ شالىنى چىچىپتۇ:

— تېخى مەن سىلەردىن قورقۇپ ئايلىنىپ ئۆتەمەنمۇ؟ ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ھەر-قاندىقىنى چېقىپ ئۇجۇقتۇرىدىغانلىقىمنى بىلمەمسەن؟ ھەرقايسىڭغا جان كېرەك بولسا، چاققان يول بوشىتىش!

بۇ يولسىزلىقتا غەزەپلەنگەن چۈمۈلىلەر يىلاننىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماي، ئۆز



ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۆز نەزەرىدە رەزگى كۆرۈنگەن چۈمۈلىلەرنىڭ ئۇنى كۆزگە ئىلمايۋاتقانلىقى يىلانغا قاتتىق ئەلەم قىپتۇ-دە، بىر چۈمۈلىنى چېقىپ، جېنىغا زامىن بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن چۈمۈلىلەر يىلاننىڭ ۋەھشىي ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئۆلگەن سەپدىشىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن تۇشمۇ-تۇشتىن يىلانغا يېپىشىپ، ئۇنى چېقىشقا باشلاپتۇ. يىلان چىدىيالماي ئۆزىنى ھەر تەرەپكە تاشلاپ بېقىپتۇ، بىراق قۇتۇلالماپتۇ. ئاڭغىچە چۈمۈلىلەر ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى ئويۇپ، مېڭىسىنى تېشىشكە باشلاپتۇ. يىلان جان ئاچچىقىدا «ۋاي دات!» دەپ ۋارقىراپتۇ-دە، جان ئۈزۈپتۇ.

ئۆملەشكەن كۈچىنىڭ مۇنچىۋالا قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرگەن چۈمۈلىلەر ئۆز دۈشمىنىنى يوقاتقانلىقىغا قىزغىن تەنتەنە قىلىشىپتۇ.



كۆنۈكمە:

1. تېكستنى ئۈنلۈك، راۋان ئوقۇڭلار ۋە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) يىلان چۈمۈلىلەرگە نېمە دېدى؟ چۈمۈلىلەر ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بەردى؟

2) يىلاننىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولدى؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولدى؟

3) بۇ مەسەلدىن نېمىنى چۈشەندىڭلار؟ قىسقىچە سۆزلەپ بېرىڭلار.

2. مەسەلنى ئۆز تىلىڭلار بويىچە ھېكايە قىلىپ بېرىڭلار.

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

پىندەك، يولسىزلىق، رەزگى، جېنىغا زامىن بولۇش، تەمكىنلىك، قىساس، قۇدرەتلىك، تەنتەنە قىلىش، ئۆملىشىش، تەكەببۇرلۇق، ئۇجۇقتۇرۇش، پەسەنت قىلماسلىق

4. روللارغا بۆلۈنۈپ يىلان ۋە چۈمۈلىنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.

5. تېكستنىڭ ئاخىرقى ئابزاسىنى يادقا يېزىڭلار.



## 19*. تۆلكە بىلەن قاغا

قاغا چوڭ بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئۈستىگە ئۇۋا ياساپتۇ. دەرەخنىڭ تۈۋىدە بىر كامار بولۇپ، بۇ كاماردا بىر تۆلكە تۇرىدىكەن.

بىر كۈنى قاغا بالىلىرىغا يەيدىغان نەرسە ئىزدەپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ بىر پارچە گۆشنى تېپىۋېلىپ، ئۇنى چىشلىگەن پېتى قايتىپ كەپتۇ. قاغا ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇۋىسىنىڭ يېنىدىكى شاخقا قونۇپتۇ.

بۇ چاغدا تۆلكىمۇ ئوزۇق ئىزدەپ چىقىپتۇ. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، قاغىنىڭ بىر پارچە گۆشنى چىشلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ شۆلگەيلىرى ئېقىپتۇ.

تۆلكە ئويلىنىۋېلىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ قاغىغا:

— ياخشىمۇ سىز، سۆيۈملۈك قاغا؟ — دەپتۇ. قاغا ئۈندىمەپتۇ.

تۆلكە يەنە:

— سۆيۈملۈك قاغا، باللىرىڭىز تىنچلىقمۇ؟ — دەپتۇ. قاغا تۈلكىگە بىر قاراپ قويۇپلا، يەنە ئۈندىمەپتۇ.

تۈلكە يەنە:



— سۆيۈملۈك قاغا، سىزنىڭ پەيلىرىڭىز نېمىدېگەن چىرايلىق، قۇشقاچنىڭ پەيلىرى سىزنىڭكىگە يەتمەيدۇ. سىزنىڭ ئاۋازىڭىز نېمىدېگەن ياخشى، كىملا بولمىسۇن، سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاشقا خۇشتار، بىر نەچچە ئېغىز ناخشا ئېيتىپ بەرسىڭىزچۇ! — دەپتۇ.

قاغا تۈلكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى كۆرەڭلەپ كېتىپتۇ-دە، ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ. ئۇ «قاق...» قىلىپ، ئاغزىنى ئېچىشىغىلا ئاغزىدىكى گۆش چۈشۈپ كېتىپتۇ.

تۈلكە گۆشنى چىشلىگەن پېتى كامارغا كىرىپ كېتىپتۇ.



ماقاللار:

ئاغزىدىن ھەسەل تامىدۇ،
كۆڭلىدىن زەھەر (تامىدۇ).
ئاغزى قايماق،
كۆڭلى مايماق.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى ئۈنلۈك، راۋان ئوقۇڭلار.
2. قاغا نېمە ئۈچۈن تۈلكىنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ قالدى؟ ئويلىنىپ جاۋاب بېرىڭلار.
3. تۈلكە قانداق كىشىلەرگە، قاغا قانداق كىشىلەرگە ئوخشىتىلغان؟
4. تېكىستنى ئۆز تىللىرىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ ھېكايە قىلىپ بېرىڭلار.
5. تېكىست ئاخىرىدىكى ماقاللارنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

## 20. تەرتىپكە رىئايە قىلمىغان كىچىك تۇرنا

كۈز شامىلى چىقىپ، ھاۋا ئاستا - ئاستا سوۋۇشقا باشلىدى. سەپ - سەپ تىزىلغان تۇرنىلار جەنۇب تەرەپكە قاراپ ئۇچماقتا ئىدى. ئۇلار بەزىدە «—» شەكلىدە ۋە «٨» شەكلىدە سەپ بولۇپ ئۇچۇشاتتى. تۇرنىلار ئېگىز - ئېگىز تاغلاردىن، چوڭ - چوڭ دەريالاردىن بىللە ئۇچۇپ ئۆتۈپ، كۆللەرنىڭ بويىغا بىللە قونۇپ، بىللە دەم ئېلىپ، زادى بىر - بىرىدىن ئايرىلمايتتى. كېچىلىرى ئۇخلىسا، قاچان بولمىسۇن بىر تۇرنا كۆزەتكە تۇرۇپ، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇملاردىن ساقلىناتتى.

تۇرنىلارنىڭ ئىچىدىكى بىر كىچىك تۇرنا كۆپچىلىك تۇرنىلار بىلەن بىللە ئۇچۇشنى خالىمىدى. ئۇ: «سىلەر بىلەن بىللە ئۇچۇش بەك زېرىكىشلىك ئىكەن. ئەگەر مېنى



مەيلىمچە ئۇچۇشقا قويساڭلار، جەنۇبقا ئاللىقاچان يېتىپ بارغان بولاتتىم» دەيتتى. قېرى تۇرنا ئۇنى «بۇنداق قىلىش تەرتىپسىزلىك بولىدۇ، ئۆز مەيلىڭچىلا كۆپچىلىكتىن بۆلۈنۈپ كەتسەڭ، خەۋپ - خەتەرگە يولۇقۇشۇڭ مۇمكىن» دەپ ئاگاھلاندۇردى. بۇنى ئاڭلىغان كىچىك تۇرنا پىسەنت قىلماستىن، مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ياخشى گەپنىڭ قەدرىگە يەتمىدى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى گۈگۈم چۈشكەندە، ھېلىقى كىچىك تۇرنا بەڭباشلىق قىلىپ كۆپچىلىكتىن ئايرىلدى - دە، ئوغرىلىقچە ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ بىپايان ئاسمان بوشلۇقىدا يالغۇز ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، مەغرۇرلانغان ھالدا ناخشا ئېيتاتتى. ئۇشتۇمتۇتلا «پاڭ!» قىلغان بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. تۆۋەن تەرىپىگە قارىغۇدەك بولسا، يېقىنلا بىر جايدا تۇرغان بىر ئوۋچى مىلتىق ئېتىۋاتقانىكەن. ئۇ بار كۈچىنى قانىتىغا يىغىپ، ئۇچقان پېتىچە بۇلۇتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ «ياپىرىم، نېمىدېگەن خەۋپلىك!

جاندىن جۇدا بولۇشقا تاس-تاس قالدىم-
ھە! قايتىپ كەتكىنىم ئەۋزەلرەك ئىكەن»
دەپ ئويلىدى. لېكىن ئۇ تۇرۇپ: «ياق!
ئۇنداق قىلسام بىلىك ئەلەم بولىدۇ. ئاۋۋال
قونىدىغان بىر جاي تېپىش كېرەك، ئاندىن
بىر گەپ بولار» دېگەن خىيالغا كەلدى.

كۈن ئاستا-ئاستا قاراڭغۇلىشىشقا
باشلىدى. كىچىك تۇرنا ئالدىدا بىر ئېگىز
تاغنىڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.
ئۇ ئىنتايىن ئۇسساپ كەتتى ھەم قورسىقىمۇ
ئاچتى. كىچىك تۇرنا ئۆزىچە مۇشۇ تاغنىڭ
نېرىسىدا كۆل بولسا كېرەك دەپ پەرەز
قىلدى-دە، كۈچىنى تېخىمۇ يىغىپ ئاران
دېگەندە بۇ ئېگىز تاغدىن ئۇچۇپ ئۆتتى،
لېكىن تاغنىڭ بۇ تەرىپىدە كۆل بولماستىن،
پەقەت قاپ-قاراڭغۇ ئورمانلىق كۆرۈندى.
ئۇ ئەنە شۇ چاغدىلا يولدىن ئازغانلىقىنى
بىلدى.

كىچىك تۇرنا ھارغانلىقتىن، ھېچ ماغدۇرى
قالمىدى. يەرگە قونۇپ ئارامخۇدا بىر ئۇخ-
لىۋالغۇسى كەلدى، لېكىن ئۇشتۇمتۇپ يەنە:
«كىم ماڭا كۆزەتچىلىك قىلىدۇ؟ بەلكى بۇ يەردە



تۈلكە، بۆرە... باردۇ» دەپ ئويلىغانسېرى ئۇنى
قورقۇنچ باستى، ئىلاج بولسا ھازىرلا بېرىپ
كۆپچىلىككە قوشۇلۇۋالغۇسى كەلدى. بىراق
قاپقاراڭغۇ كېچىدە ئۇ ئۆز سېپىنى نەدىن
تاپالىسۇن؟ ئۇ ئەلەم بىلەن يىغلىۋەتتى.
دەل شۇ چاغدا ئورمان ئىچىدىن بىر بۆرە
دەھشەتلىك ھۇلاپ چىقىپ كەلدى. قورقۇپ



جىنى قالمىغان كىچىك تۇرنا دەررۇ قانات قېقىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى.

گەرچە ئۇ ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرسىمۇ يەنىلا قورقاتتى. كۆپچىلىكتىن بۆلۈنۈپ ئۇچۇشنىڭ ئىنتايىن خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى، كۆپچىلىك بىلەن بىللە بولغاندىلا خەۋپسىز بولىدىغانلىقىنى شۇ چاغدىلا ئوبدان بىلدى.

تەرتىپكە رىئايە قىلمىغان كىچىك تۇرنا ئاخىرى كۆپچىلىكنىڭ سېپىگە قايتىپ كەلدى.

ماقاللار:

بىرلىك بولماي — تىرىكلىك بولماس.
كۆپتىن ياخشى ئەقىل چىقار.
ئايرىلغاننى ئېيىق يەر،
بۆلۈنگەننى بۆرە (يەر).

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى ئۈنلۈك، راۋان ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:



1) كىچىك تۇرنا نېمە ئۈچۈن سەپتىن ئايرىلدى؟

2) قېرى تۇرنا كىچىك تۇرنىغا نېمە دېدى؟ بۇنى تېكىستتىن تېپىپ ئالدى بىلەن ئوقۇڭلار، ئاندىن جاۋاب بېرىڭلار.

3) كىچىك تۇرنا ئاخىرى نېمە ئۈچۈن يەنە سەپكە قايتىپ كەلدى؟

3. تېكىستنى تەپسىلىي ھالدا قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار. سۆزلىگەندە تىلىڭلار راۋان، سۆز - جۈملىلەر ئۆزئارا باغلاشقان بولسۇن.

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

ئۇشتۇمتۇت، مەغرۇرلىنىش، ئەۋزەل، ئەلەم قىلىش

## V ئاساسىي مەشق

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىپ ئوقۇشنى ۋە يېزىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.

ئېلېكتر، لامپۇچكا، تەمكىنلىك، رىئايە، ئۇجۇقتۇرۇش، پىسەنت، جىغغىدە، تەرتىپسىزلىك، خەۋپلىك، قورقۇنچ، قوشۇلۇۋالغۇسى

2. تۆۋەندىكى ھەربىر گۇرۇپپىدىكى ئىككى جۈملىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇڭلار، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ ئۇ جۈملىلەردە قانداق مەنە ئىپادىلىگەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

باھار كېلىپ، ھاۋا ئىسسىشقا باشلىدى.

باھار كېلىپ ھاۋا ئاستا - ئاستا ئىسسىشقا باشلىدى.

تۇرنىلار جەنۇب تەرەپكە قاراپ
ئۇچماقتا.

سەپ - سەپ تىزىلغان تۇرنىلار جەنۇب
تەرەپكە قاراپ ئۇچماقتا ئىدى.

تۇرنىلار ئېگىز تاغلاردىن، چوڭ دەريا-
لاردىن بىللە ئۇچۇپ ئۆتۈپ، كۆللەرنىڭ
بويىغا بىللە قونۇپ، بىللە دەم ئېلىپ، زادى
ئايرىلمايتتى.

تۇرنىلار ئېگىز - ئېگىز تاغلاردىن،
چوڭ - چوڭ دەريالاردىن بىللە ئۇچۇپ
ئۆتۈپ، كۆللەرنىڭ بويىغا بىللە قونۇپ،
بىللە دەم ئېلىپ، زادى بىر - بىرىدىن
ئايرىلمايتتى.

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە قارىمۇقارشى مەنىدىكى سۆزلەرنى يېزىڭلار.

قىش، سوۋۇق، قاتتىق، قاراڭغۇ، ئاق، ئىسسىق، خام، چاپسان

4. كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق سۆزلەرنى قويۇپ تۆۋەندىكى راۋان جۈملىلەرگە ئايلاندۇرۇڭلار.

1) ... زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ.

2) ... ئېتىزلىقتا ئەمگەك قىلىدۇ.



3) ... ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى قوغدايدۇ.

4) مۇئەللىم ...

5) دوختۇرلار ...

5. تۆۋەندىكى رەسىمگە قاراپ ئاۋۋال سۆزلەڭلار، كېيىن سۆزلىگىنىڭلارنى رەتلىك قىلىپ يېزىپ چىقىڭلار.



6. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابىنى تېپىڭلار.

يۈگۈرىدۇ ئاق قەغەزدە،
قالدۇرۇپ قارا ئىز.
قوش تىلىدىن
تۆكۈلىدۇ ئىز.
بۇ نېمە؟

بىر چىدەك بويى،
پارقىراق ئۆيى،
ئۈچ - تۆت كۈن
ئىسسىق
تۇرىدۇ سۈيى.
بۇ نېمە؟

7. تۆۋەندىكى ماقال - تەمسىللەرنى چىرايلىق قىلىپ كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

چىراغ يېقىپ يورۇق ئال، تىرىشىپ ئوقۇپ بىلىم ئال.

ئاۋۋال ئىشلە، ئاندىن ئوينا.

بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، تىرىشماسلىق ئەيىب.

كۆپ ئوقۇغان كۆپ بىلەر.

بوياق بىلەن بويىغىچە تېشىڭنى، بىلىم بىلەن بويىغىن ئىچىڭنى.



## 21. نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن

### شەھەرگە بېرىشقا ۋاقتىم يوق

ئەپەندىمنىڭ بىر يېزىلىق ئاغىنىسى ئۇنىڭدىن شەھەردىكى دوستىغا بىر پارچە خەت يېزىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپتۇ.

— جېنىم بىلەن يېزىپ بېرەتتىم. بىراق شەھەرگە بېرىشقا ۋاقتىم يوق، — دەپ ئۆزرە ئېيتىپتۇ ئەپەندىم. ئاغىنىسى:

— ئەپەندىم، سىزنى شەھەرگە بېرىڭ دېگىنىم يوق، خەت يېزىپ بېرىڭ دەۋاتىمەن، — دەپتۇ.

— رەنجىمەڭ ئاغىنە، مەن يازغان خەتنى ئۆزەمدىن باشقا ئادەم ئوقۇيالمايدۇ. سىزگە خەت يېزىپ بەرسەم، ئاغىنىڭىزگە ئۆزەم بېرىپ ئوقۇپ بەرسەم بولىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## ئەپەندىنىڭ مەسلىھەتى

ئەپەندىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بىر كىشى ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپ كەپتۇ:

— ئەپەندىم، دۇنيادا نۇرغۇنلىغان ئىشلارغا دۇچ كەلدىم، قايسىسىنى ئۇنتۇپ، قايسىسىنى يادىمدا ساقلاشنىمۇ بىلەلمەي قالدىم، بىر مەسلىھەت بېرىڭا؟

— بۇ دۇنيادا باشقا كىشىدىن كۆرگەن ياخشىلىقىڭىز بولسا، ئۆلگىچە يادىڭىزدا ساقلاڭ؛ باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقىڭىز بولسا، ئۇنى دەررۇ يادىڭىزدىن چىقىرىپ تاشلاڭ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىش

ئەپەندىم باينىڭ ئۆيىدە ئىشلەۋاتقان كۈنلىرىدە، قورساق تويغۇدەك تاماققا ئېرىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا يېگەن سەي-تاماقلىرىدا سەل-پەلىمۇ ياغ تەمىنى سەزمەپتۇ.

بىر كۈنى ئەپەندىم بايدىن: «بېگىم،



ئۆيلىرىدە يوغان بىر تۇڭدا لىق ياغ تۇرۇپتۇ، ئەمما مەن يېگەن سەيدە ئازراقمۇ ياغ تەمى يوققۇ؟» دەپ سوراپتۇ. باي: «كەچۈرۈڭ ئەپەندى، سىزگە سەي قورۇغان چاغدا، ھەممىشە سۇنى ياغ دەپ خاتا قويۇپ سالىدىكەنمىز» دەپتۇ.

بىر كۈنى باينىڭ ئۆيىگە ئوت كېتىپتۇ، ئەپەندىم چېلەكنى ئەكىلىپ ياغ تۇڭىدىن بىر چېلەك ياغ ئۇسۇپتۇ-دە، ئاپىرىپ ئوتنىڭ ئۈستىگە چېچىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوت تېخىمۇ ئەدەپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن باينىڭ كۆزى چەكچىيىپ: «ئەپەندى، سىز نېمە دەپ ئوتنىڭ ئۈستىگە ياغ چاچىسىز؟» دەپ ۋارقىراپتۇ. ئەپەندىم ئەتەي ھەيران قالغان بولۇپ: «ھە! مەن تېخى بۇ تۇڭدىكىنى سۇمىكىن دەپ خاتا چېچىپ ساپتىمەن-دە!» دەپتۇ.

كۆنۈكمە:

1. يۇقىرىدىكى ئۈچ لەتىپىنى ئوقۇپ چىقىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا سۆزلەپ بېرىڭلار.
2. ئەپەندىم ھىلىقى ئاغىنىسىگە نېمە ئۈچۈن «شەھەرگە

بىرىشقا ۋاقتىم يوق» دەيدۇ؟ سىلەر بۇنىڭدىن نىمىنى چۈشەندىڭلار؟

3. ئەپەندىم مەسلىھەت سوراپ كەلگەن كىشىگە نىمە دېدى؟ ئەپەندىمنىڭ دېگىنى توغرىمۇ؟

4. ئەپەندىم باينىڭ ئۆيىگە ئوت كەتكەندە نىمە ئۈچۈن ئوتنىڭ ئۈستىگە ياغ چاچىدۇ؟

5. نەسىردىن ئەپەندىنىڭ يەنە قانداق لەتىپىلىرىنى بىلىسىلەر؟ ئېيتىپ بېرىڭلار.

6. «ئەپەندىمنىڭ مەسلىھەتى» دېگەن لەتىپىنى يادقا يېزىڭلار.



## 22. پادىشاھ بىلەن ئۇستاز

ئۆتكەن زاماندا ئەقىل - پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن، ئەخلاق - پەزىلەتتە ھەممە كىشىگە ئۈلگە بولغان بىر پادىشاھ ئۆتكەن. ئۇنى ھەممە كىشى ھىمايە قىلىپ، چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ پادىشاھ بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ بالىلىق چېغىدا ئاغزىغا ئىلىم سالغان ئۇستازىنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدىكەن. ئۇستازى سارايغا كەلسە ئورنىدىن تۇرۇپ تۆردىن ئورۇن بېرىدىكەن.

بىر كۈنى ۋەزىرلەردىن بىرى:

— نىمە ئۈچۈن ئۇستازلىرىنى ئاتىلىرىدىنمۇ بەك ھۆرمەت قىلىلا؟ دەپ سوراپتۇ پادىشاھتىن.

— ئاتام مېنىڭ دۇنياغا كېلىشىمگە سەۋەبچى بولدى. ئۇستازىم بولسا، ماڭا ئىلىم - بىلىم ۋە ئەدەب - ئەخلاق ئۆگىتىپ

ياخشى خىسلەتلەرنى سىڭدۈردى. شۇڭا مەن ئۇستازىمنى ئاتامدىنمۇ بەك ئىززەت قىلىـمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پادىشاھ.

ماقال:

ھۆرمەت قىلساڭ — ھۆرمەت كۆرەرسەن.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى تىنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلىپ ئۈنلۈك ئوقۇڭلار.
2. پادىشاھ ئۇستازىنى نېمە ئۈچۈن ئاتىسىدىنمۇ ئارتۇق ھۆرمەتلەيدۇ؟ بۇ چۆچەكتىن نېمىنى چۈشەندىڭلار.
3. چۆچەكنى تەپسىلىي ھالدا قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار.
4. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.
ھۆرمەتلەش، خىسلەت، ھىمايە قىلىش
5. بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.

— ئاتام مېنىڭ (        ) سەۋەبچى بولـدى. ئۇستازىم بولسا ماڭا (        ) ۋە (        ) ئۆگىتىپ، ياخشى (        ) سىڭـدۈردى. شۇڭا مەن ئۇستازىمنى ئاتامدىنمۇ بەك (        ) قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پادىشاھ.



## 23. ئۇستازغا مەدھىيە

ئانا مەكتەپ — گۈلباغنىڭ
باغۋەنى سەن ئۇستازىم.
بىزدەك پورەك غۇنچىنىڭ
غەمخورچىسى ئۇستازىم.
ئىلىم — ئەخلاق ... ھەممىنى
ئۆگەتتىڭ سەن ئۇستازىم.
كېلىچەكنىڭ يولىنى
كۆرسەتتىڭ سەن ئۇستازىم.
بارلىقىڭنى بىزلەرگە
ئاتىدىڭ سەن ئۇستازىم.
ئالقىش شەرەپ گۈلىنى
تاقىدىڭ سەن ئۇستازىم.
شۇڭا سېنى ئۇستازىم
چىن يۈرەكتىن سۆيىمەن.
بىلىمخۇمار بوپ سەندەك،
شانلىق زەپەر قۇچىمەن.

كۆنۈكمە:

1. شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.
2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.
مەدھىيە، ئالقىش، شەرەپ، شانلىق، زەپەر
3. شېئىر مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.
4. شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار.
5. تۆۋەندىكى تېپىشماقنى تېپىڭلار.

باغۋەن دەيمىز نامىنى،
ساڭا شۇنچە مېھرىبان.
يەن گۈلىنى قەلبىڭدە
ئېچىلدۇرار ھەرقاچان.
سەن كۆچەتنى مېۋىگە
كىر گۈزەر ئۇ قەدىردان.

جاۋابى:

## VI ئاساسىي مەشق

1. ئوقۇتقۇچىڭلار ئېيتىپ بەرگەن لەتىپىنى دىققەت بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاڭلار، ئاندىن ئېسىڭلاردا قالغىنى بويىچە رەتلىك قىلىپ قايتا بايان قىلىڭلار.
2. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى مەزمۇنىغا قاراپ ئورۇن تەرتىپىنى رەتلەپ يېزىڭلار.



يىغىندا ئۆگىنىشتە، ئەخلاقتا، بەدەن چېنىقتۇرۇشتا ياخشى ئوقۇغۇچىلار تەقدىرلەندى.
بۈگۈن مەكتىپىمىزدە چوڭ يىغىن ئېچىلدى.
يىغىندىن كېيىن كىنو قويۇپ بېرىلدى.
ئۇچتە ياخشى ئوقۇغۇچىلارغا ۋەكالىتەن ئەنۋەر چوڭ يىغىندا سۆزلىدى.

3. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇپ كۆچۈرۈڭلار.

بۇ باغدىكى گۈللەر نېمىدېگەن چىرايلىق ئېچىلىپ كەتكەن - ھە

سىلەر بۈگۈن قايسى دەرسلەرنى ئۆتتۈڭلار

يەكشەنبە كۈنى دادام مېنى خەلق باغچىسىغا ئېلىپ باردى

4. تۆۋەندىكى تىرناقلار ئىچىگە مۇۋاپىق سۆزلەرنى يېزىڭلار.



5. تۆۋەندىكى چۆچەكنى ئوقۇپ مەزمۇنىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېرىڭلار.

## ئۈچكە بۆلىمەن

بىر بوۋاي ھەر كۈنى بازارغا كىرىپ چىقىشىدا قاۋۇل بىر ياش يىگىتنىڭ گاھى ئېتىزدا، گاھى يول ياقىسىدىكى باغدا تىنىماي ئىشلەۋاتقىنىنى كۆرىدىكەن. بۇ يىگىتكە زوقى كەلگەن بوۋاي بىر كۈنى يىگىتتىن:

— بالام، نېمانچە تىنىماي ئىشلەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بوۋا، ئىنسان ئەمگەك بىلەن ياشايدۇ ئەمەسمۇ؟

— بۇنداق تىنىماي ئىشلىگىنىڭگە قارىغاندا، پۇلنىمۇ خېلى تاپارسەن. شۇنچە پۇلنى نەگە خىراجەت قىلىسەن؟

— ئۈچكە بۆلىمەن.

— قانداق ئۈچكە بۆلىسەن؟

— مېنىڭ سىزگە ئوخشاش قېرى دادام ۋە ئانام بار، مېنى ئۇلار كىچىكىمدىن



بېقىپ چوڭ قىلغان، ھازىر كۈچىدىن قالدى، مەن ئەمدى ئۇلارنىڭ مېنى باققان قەرزىنى تۆلىشىم كېرەك، شۇڭا ئۇلارنى بېقىۋاتىمەن. ئۆزەمنىڭ بىر ئوغۇل، بىر قىزىم بار، ئۇلار كىچىك، ئۇلارنى بېقىپ تەربىيەلەۋاتىمەن، بۇ ئۇلارغا بېرىلگەن قەرز. قالغىنىنى ئۆزەم خىراجەت قىلىمەن.

— ئوغلۇم، ياشاپ كەت، مۇراد-مەقسىتىڭگە يەتكىن، — دەپتۇ بوۋاي تەسىرلىنىپ.

# 24. كىچىك كىر قول

بىر جۇپ كۆزدىن ياش ئېقىپ تۇراتتى. ئېغىز: «سىلەر نېمىگە قايغۇرىسىلەر؟» دەپ سورىدى.

ئوڭ كۆز بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋېلىپ: «ھەي يامان بولدى. بىز ئەسلىدە پارقىراپ تۇرىدىغان ياخشى كۆزلەر ئىدۇق. ھازىر ھەم قىزىرىپ، ھەم ئىششىپ كەتتۇق، بىز قايغۇرماي كىم قايغۇرسۇن؟» دېدى.

— بۇ ھېلىقى پاسكىنا كىر قولنىڭ كاساپىتىدىن بولدى، — دېدى سول كۆز ناھايىتى خاپا بولۇپ، — ئۇلار بەزىدە قاپقارا تىرناقلىرى بىلەن تاتىلىسا، بەزىدە پاسكىنا نەرسىلەر بىلەن سۈرتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە كېسەل مىكروبلىرىنى يۇقتۇرىدۇ، ئۇ بىزنى بەك ئازابقا سېلىپ قويدى.

— ئۇ ئىككى كىچىك كىر قولدىن ھەقىقەتەن مەنمۇ خاپا! — دېدى ئېغىزمۇ



بۇنىڭغا قوشۇلۇپ، كىچىك كىر قوللار پاك-پاكىز نەرسىلەرنى تۇتسىلا پاسكىنا بولىدۇ. ئۇلار بەزىبىر پاسكىنا نەرسىلەرنى ماڭا يېگۈزۈپ، مېنىمۇ بەك ئازابقا سېلىۋاتىدۇ.

كىچىك كىر قول بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نارازى بولۇپ: «گەپ بولدى-دە، بىز ئۆزىمىز پاسكىنا بولۇشنى خالايتتۇقمۇ؟ ئەيىب ئاشۇ بالىدا، ئەگەر ئۇ بىزنى ھەمىشە سوپۇنلاپ يۇيۇپ تۇرسا، بىزمۇ پاكىز بولاتتۇق-دە!»

ماقاللار:

تەن ساقلىق — زور بايلىق.
كېسەللىك ئېغىزدىن كىرەر.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.
2. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) ئوڭ كۆز نېمە دېدى؟ سول كۆزچۇ؟
2) ئېغىز نېمە دېدى؟
3) نېمە ئۈچۈن ئېغىز بىلەن كۆز كىچىك كىر قولدىن نارازى بولىدۇ؟

4) كىچىك كىر قول نېمە ئۈچۈن ئەيىبىنى بالىغا ئارتىدۇ؟ ئۇنىڭ ئېيتقىنى توغرىمۇ؟ قانداق قىلغاندا كۆز ۋە ئېغىزلار قولدىن رازى بولىدۇ؟

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

تازىلىق، ھەقىقەتەن، ھەمىشە، نارازى بولۇش



## 25. كۆز ۋە قۇلاقنى قانداق ئاسراش كېرەك

كۆز ۋە قۇلاقنىڭ تۈزۈلۈشى ناھايىتى نازۇك بولىدۇ. ئەگەر ياخشى ئاسرىمىغاندا كۆرۈش ۋە ئاڭلاش قابىلىيىتىمىزگە زىيان يېتىپ، كۆز ۋە قۇلاق ئاغرىقلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

كۆز ۋە قۇلاقنى ئاسراش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1. ئۆتكۈر، كۈچلۈك نۇرغا قارىماسلىق كېرەك. ئۆتكۈر، كۈچلۈك نۇر كۆزگە دەخلى يەتكۈزىدۇ.

2. يېتىپ تۇرۇپ كىتاب ئوقۇماسلىق ۋە خەت يازماسلىق كېرەك. غۇۋا يورۇقلۇقتىمۇ كىتاب ئوقۇماسلىق ۋە خەت يازماسلىق كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا

پىيقىندىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

3. كىتاب ئوقۇغاندا ياكى خەت يازغاندا، كۆز ئوقۇۋاتقان كىتاب ۋە يېزىۋاتقان خەتتىن بىر چى يىراقلىقتا بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا يىراقتىكى نەرسىلەرنى كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

4. يۇقۇملۇق كۆز كېسەللىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قول ۋە پاسكىنا لۆڭگىلەر بىلەن كۆزنى سۈرتمەسلىك كېرەك.

5. قۇلاقنى ئىچكىرى كولىماسلىق كېرەك. ئەگەر ئىچكىرى كولىۋەتكەندە، قۇلاق پەردىلىرىگە تەسىر يېتىش بىلەن قۇلاق ئاغرىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

6. كۆز ياكى قۇلاق ئاغرىقىغا دۇچار بولغاندا تېزدىن دوختۇرغا كۆرۈنۈپ داۋالىنىش لازىم.

ماقاللار:

كۆزلۈك ئاغرىسا قولۇڭنى تارت،
قورسىقىڭ ئاغرىسا نەپسىڭنى (تارت).
سالامەت تەندە ساغلام ئەقىل.



كۆنۈكمە:

1. كۆزنى ئاسراشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟
2. نېمە ئۈچۈن قۇلاقنى ئىچكىرى كولىماسلىق لازىم دەيمىز؟
3. كۆز، قۇلاق ئاغرىقلىرىغا دۇچار بولغاندا قانداق قىلىش كېرەك؟

تۆۋەندىكى سۆزلەرنى تېكىستتىن تېپىپ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە جۈملە تۈزۈڭلار.

نازۇك، ئاسراش، زىيان

4. كۆزنى ئاسراش ھەققىدىكى مەزمۇنلارنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچىلىرىنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

# 26*. تازا ھاۋانىڭ پايدىسى

ئىنسانلار ئۈچۈن ھاۋانىڭ ناھايىتى چوڭ ئەھمىيىتى بار.

بىز ئەتراپىمىزدىكى ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ، ئىچىمىزدىكى كېرەكسىز، بۇزۇلغان ھاۋانى چىقىرىپ تۇرىمىز، بۇنى ئۆزىمىزمۇ بايقىيالايمىز.

ئېيتايلى، كىچىكرەك ئۆيدە نۇرغۇن ئادەم ئۇزاقراق ئولتۇرسا، باش ئاغرىپ، ھېرىپ كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ. ئەمدى شۇ ئۆيدىن تالاغا چىقىپ تازا، ساپ ھاۋادا بىردەم يۈرسەك، بەدەنلىرىمىز راھەتلىنىپ، بوينىمىز يېنىكلەپ قالىدۇ. بىزگە تازا، ساپ ھاۋانىڭ پايدىسى بارلىقىنى، بۇزۇلغان ھاۋانىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى مۇشۇنىڭدىنمۇ بىلىۋالالايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆي، سىنىپ ۋە ئىشخانىلارنىڭ ھاۋاسىنى يېڭىلاپ تۇرۇشىمىز، يەنى ئىشىك - دېرىزى-



لەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئېچىپ، ھاۋا ئالماش- تۇرۇپ تۇرۇشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە قەرەلىدە سىرتقا چىقىپ، ساپ ھاۋادا يۈرۈش كېرەك.

ھاۋا ئۆپكىمىزگە ئاغزىمىز ياكى بۇرنىمىز ئارقىلىق كىرىدۇ. بۇرۇن بىلەن بارىدىغان ھاۋا مىكروب بىلەن چاڭدىن ياخشى تازىلىنىپ ئۆتىدۇ. ھاۋانىڭ تەركىبىدىكى مىكروب بىلەن چاڭلار بۇرۇننىڭ ئىچىدىكى تۈكلەرگە ۋە نەملىككە يېپىشىپ قالىدۇ، شۇنداق قىلىپ، ئۆپكىگە تازا ھاۋا بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرقاچان بۇرۇن بىلەن دەم ئېلىشقا ئادەتلىنىش كېرەك.

ماقال:

ساپ ھاۋا — تەنگە داۋا.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار.
2. تازا ھاۋانىڭ قانداق پايدىسى بار؟ تازا ھاۋادىن پايدىلىنىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

3. بوش ئورۇنلارغا كېرەكلىك سۆزلەرنى قويۇپ، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

ئىنسانلار ئۈچۈن (   ) ناھايىتى چوڭ ئەھمىيىتى بار. بىز (   ) ھاۋادىن دەم ئېلىپ، (   ) كېرەكسىز، بۇزۇلغان ھاۋانى (   ) تۇرىمىز. بۇنى (   ) بايقىيالايمىز.

## VII ئاساسىي مەشق

1. تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇڭلار ھەمدە ئۇلارنى دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق قىلىپ كۆچۈرۈۋېلىڭلار.

### ئەستە تۇتۇڭلار

1) ھەر كۈنى ئەتىگەندە يۈز - كۆزۈڭلارنى پاكىز يۇيۇڭلار شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاز دېگەندە ھەپتىسىگە بىر قېتىم پۈتۈن بەدىنىڭلارنى يۇيۇڭلار.

2) ھەر كۈنى كەچتە يېتىشتىن ئاۋۋال پۇتۇڭلارنى يۇيۇڭلار.

3) ھەر دائىم قول - پۇتۇڭلارنىڭ تىرنىقىنى ئېلىپ تۇرۇڭلار ۋە چېچىڭلارنى تاراڭلار، ئوغۇللار چېچىڭلارنى بەك



ئۆستۈرۈۋەتمەي ۋاقتىدا ئالدۇرۇپ تۇرۇڭلار.

4) ئەتىگەنلىكى ۋە كەچتە ئاغزىڭلارنى پاكىز چايقاڭلار، ئەڭ ياخشىسى، چىش چوتكىسى ۋە چىش پاراشوكى بىلەن چىشىڭلارنى چوتكىلاڭلار.

5) ھەر قېتىملىق تاماقتىن ئاۋۋال قولۇڭلارنى پاكىز يۇيۇڭلار.

6) ئۆي ۋە سىنىپنىڭ ھاۋاسىنى دائىم ئالماشتۇرۇپ تۇرۇڭلار، ئورۇن - كۆرپەڭلەرنى تازا تۇتۇڭلار.

7) دائىم تەنتەربىيە ئويناپ، بەدىنىڭلارنى چېنىقتۇرۇڭلار.

2. بېرىلگەن ئۈلگىدىن پايدىلىنىپ تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.

... ھەم ... ھەم...، لېكىن،... بولغانلىقى ئۈچۈن...

ئۈلگە: چىمەن ھەم ئەدەبلىك، ھەم تىرىشچان قىز.

قەيسەر تەنتەربىيىدە ياخشى، لېكىن باشقا دەرسلەرگە ئانچە تىرىشمايدۇ.

ئالىم ھەممە جەھەتتىن ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن، «ئۈچتە ياخشى» ئوقۇغۇچى بولۇپ سايلاندى.

3. تۆۋەندىكى رەسىمنى ئالدى بىلەن كۆزىتىپ رەت

ئومۇرىنى قويۇڭلار، ئاندىن سۆزلەڭلار، ئاخىرىدا سۆزلىگە-
نىڭلارنى يېزىپ چىقىڭلار.





4· تۆۋەندىكى تېپىشماقنى تېپىڭلار.

بىر كىتابىم بار،
ئۈچ يۈز ئاتمىش بەت.
كۈندە ئوقۇيمەن،
ئارانلا بىر بەت.

# 27. گۈزەل ئەخلاققا مەدھىيە

يامغۇر ياغقان بىر كۈنى،
ئادەم كۆپتى بېكەتتە.
ئاپتوبۇسقا چىقالماي،
تۇرغانىدىم بىر چەتتە.
قولۇمدىكى يۈكۈممۇ
ئېغىر ئىدى شۇ دەمدە.
ياردەمگە بىراۋنىڭ
موھتاج ئىدىم، ئەلۋەتتە.
شۇئان كېلىپ بىر بالا،
يۈكنى ئالدى قولۇمدىن.
ئاپتوبۇسقا چىقاردى،
يۆلەشتۈرۈپ غولۇمدىن.
ياش يىگىتكە يېلىنىپ،
بىر ئورۇننى بوشاتتى.
ئولتۇرغۇزۇپ مېنى ئۇ،
كۈلۈپ خۇشال ئۇزاتتى.
بىراقلاشتى مېنىڭدىن،
سورىغۇچە ئىسمىنى.



«رەھمەت!» دېدىم بىراق ئۇ،
ئاڭلىمىدى گېپىمنى.
چۈشىدىغان بېكەتتە
ياردەمچىلەر كۆپەيدى.
يۈكلىرىمنى كۆتۈرۈپ،
ئۆيۈمگىچە ئەكەلدى.
دېدى ئۇلار: «ھەي بوۋا،
رەھمەت دېمەڭ بىزگە سىز.
ئابايىقى پىئونېر
بولدى بىزنىڭ ئۆلگىمىز...»

كۆنۈكمە:

1. شېئىرنى ئۈنلۈك، راۋان ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.
2. شېئىر ۋەقەلىكىنى ئۆز تىلىڭلار بويىچە سۆزلەپ بېرىڭلار.
3. شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار.
4. تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئاددىي جۈملە شەكلىگە كەلتۈرۈپ يېزىڭلار.

شۇئان كېلىپ بىر بالا،
يۈكنى ئالدى قولۇمدىن.
ئاپتوبۇسقا چىقاردى،
يۆلەشتۈرۈپ غولۇمدىن.

5. «شۇئان، شۇدەم، موھتاج» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

## 28. قانداق قىلىش كېرەك

بىر كۈنى ئۈچ بالا ئورمانلىققا بېرىپ ئوينىدى. ئۇ يەردە نۇرغۇن ياۋا گۈل، ياۋا ئالما، تۈرلۈك ئۈچار قۇشلار بار ئىدى. ئۇلار ئويۇنغا قىزىقىپ كېتىپ، كۈن ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيمىدى. ئۆيگە قايتىدىغان چاغدا ئۇلار قورقۇپ:

— ئاپلا! ھەقىچان ئۆيدىكىلەر تازىمۇ ئەنسىرەپ كەتتى. بارساق بىزنى جازالايدىغان بولدى! — دېيىشتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يول بويىدا تۇرۇپ: «قانداق قىلىش كېرەك؟ يالغان ئېيتساق بولارمۇ ياكى راستىمىزنى ئېيتايلىمۇ؟» دەپ مەسلىھەتلەشتى.

— مەن ئورمانلىقتا بۆرىگە ئۇچراپ قالدىم دەيمەن، شۇنداق دېسەم دادام چۆچۈپ كېتىپ مېنى تىللىمايدۇ، — دېدى بالىلارنىڭ بىرى.



— مەن بوۋامغا ئۇچراپ قالدىم دەيمەن، شۇنداق دېسەم ئاپام خۇش بولۇپ كېتىدۇ-دە، مېنى تىللىمايدۇ، — دېدى بالىلارنىڭ ئىككىنچىسى.

— مەن راستىمنى ئېيتىمەن! — دېدى بالىلارنىڭ ئۈچىنچىسى، — يالغان گەپ قىلىپ تۇتۇلغاندىن راست گەپ قىلىپ قۇتۇلغان ياخشى!

ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

بىرىنچى بالا دادىسىغا بۆرىگە ئۇچراپ قالغانلىقىنى دەپ تۇرۇشىغا ئورمانغا قارايدىغان ئادەم كېلىپ قالدى-دە:

— يالغان، بۇ تەۋەدە زادى بۆرە يوق، — دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان بالىنىڭ دادىسى ناھايىتى خاپا بولۇپ كەتتى. يالغان ئېيتقانلىقى ئۈچۈن بالىسىنى قاتتىق جازالىدى. يەنە بىر بالا، بوۋامغا ئۇچراپ قالغانتىم، دەپ تۇرۇشىغا، بوۋىسى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالدى.

ئانىسى ۋەقەنىڭ راستىنى بىلگەندىن

كېيىن ئۇمۇ يالغان گەپ قىلغان ئوغلىنى قاتتىق جازالىدى.

ئۈچىنچى بالا ئۆيگە كىرىش بىلەنلا ھەممە ئەھۋالنى ئەينەن ئېيتتى. ئانىسى ئۇنى تەنقىد قىلدىيۇ، لېكىن كەچۈردى.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى توغرا، راۋان ئوقۇڭلار ھەمدە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) ئۈچ بالا نەگە بېرىپ، نېمە ئۈچۈن كەچ قالدى؟

2) بالىلار ئاتا - ئانىلىرىغا كەچ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى نېمە دەپ چۈشەندۈرمەكچى بولدى؟ ئاقىۋىتى قانداق بولدى؟

2. تېكىست ۋەقەلىكىنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېرىڭلار.



## 29. ۋاپاسىزلىق

ئىككى بالا چۆلدە كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقان بىر ئېيىقنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ چاغدا بالىلارنىڭ بىرى قورققىنىدىن قېچىپ كېتىپتۇ. يەنە بىرى ئۆلگەن بولۇپ شۇ يەردىلا يېتىۋاپتۇ. ئېيىق كېلىپ، يېتىۋالغان بالىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ئۇنى بىر پەس پۇراپ كۆرۈپتۇ - دە، ئۇنىڭدىن تىنىق چىقمىغانلىقىنى سېزىپ: «بۇ يەيدىغان نەرسە بولمىسا كېرەك» دەپ كېتىپ قاپتۇ.

ئېيىق كۆزدىن غايىب بولغاندىن كېيىن، قېچىپ كەتكەن بالا ئاغىنىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئېيىق قۇلىقىڭغا بىر نېمە دېگەندەك قىلىۋاتاتتى، نېمە دېدى؟» دەپ سوراپتۇ. ئاغىنىسى: «ئېيىق ماڭا، ‹ئاغىنەڭ قورقۇنچاق ئىكەن، قورقۇنچاق كىشى دوستلۇققا يارىمايدۇ، ئېغىر كۈنلەردە ئەسقاتمايدۇ. سەن ئۇنىڭ بىلەن

قانداق دوست بولۇپ قالغان بولغىيتتىڭ، دېدى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان قورقۇنچاق بالا خىجىل بولۇپ يەرگە قاراپتۇ ۋە شۇنىڭدىن تارتىپ قورقۇنچاقلىق قىلماسلىققا، ئېغىر كۈنلەردە ئاغىنىسىدىن ئايرىلماسلىققا نىيەت باغلاپتۇ.



ماقال:

دوستنىڭ دوستلۇقى بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە بىلىنەر.



كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى ئۈنلۈك، راۋان ئوقۇڭلار.
2. تېكىستنى ئۆز تىلىڭلار بويىچە قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار.
3. تېكىستنى باشتىن - ئاخىر ياد ئىملا قىلىپ يېزىڭلار، تىنىش بەلگىلىرىنى ئۆز ئورنىغا قويۇشقا دىققەت قىلىڭلار.

## *30. دەپتەرنىڭ نالىسى

مەن سىنىپىنىڭ ئالدىدىن
ئۆتۈپ كېتىپ باراتتىم.
ئاڭلاپ غەيرىي ئاۋازنى،
ئەتراپىمغا قارايتتىم.

شۇنچە مەيۈس كۆڭۈلسىز
ئاڭلىناتتى زارلىنىش.
كىرسەم سىنىپ ئىچىگە،
يۈز بېرىپتۇ خارلىنىش.

نالە قىلىپ بىر دەپتەر،
يەردە يىغلاپ يېتىپتۇ.
بىر ساۋاقداش شۇ ھالدا
يىرتىپ تاشلاپ كېتىپتۇ.

سورىدىم مەن دەپتەردىن،
يىغلاشتىكى سەۋەبنى.
ئېيتتى دەپتەر ياش تۆكۈپ،
ئىچىدىكى دەردلەرنى:



«تۇرسۇن دېگەن ساۋاقداش
ماگىزىنىدىن ئېلىپ كەلگەن.
تاپشۇرۇققا تۇتاي دەپ،
بوغچىسىغا سېلىپ كەلگەن.

مانا بۈگۈن توپتوغرا
تۆت كۈن بولدى ئالغىلى.
ۋاراقلىرىم يىرتىلىپ،
مۇشۇ پەقەت قالغىنى.

ھەدېسىلا بىر ۋاراق
ئالار يىرتىپ ئىچىمدىن.
شۇڭا ۋەيران بولۇپ كەتتىم،
ئايرىلىپ قات - قېتىمدىن.

قالدى ئاران تېشىمدا
پەقەت بىر قات يېپىنچام.
قولىقىغا كىرمەس سۆز،
ھەرقانچە كۆپ يىغلىسام.

بوغچىسىدىن ئېلىپ مېنى،
ئاتتى ئاخىر پىرقىرىتىپ.
دەسسەپ - چەيلەپ كەتتى ئۇ،
جانلىرىمنى سىرقىرىتىپ.

بۇ خورلۇققا چىدىماي،
شۇڭا يىغلاپ ياتقىنىم.

چىقماس ھەرگىز ئېسىمدىن،
دەرت - ئەلەمگە پاتقىنىم.»

ئاڭلاپ دەپتەر سۆزىنى،
ئەجەبلەندىم بۇ ئىشقا.
ئوقۇشتىكى دوستىنى
تۇرسۇن خارلار نېمىشقا؟

ئېيتىڭلارچۇ ياش دوستلار،
شۇنداق قىلسا بولامدۇ؟
كىتاب - دەپتەر قەلەمنى
بۇزۇپ - چېچىش يارامدۇ؟

ئوقۇش قورال قەدىرلىك،
بىزنىڭ يېقىن دوستىمىز.
بۇنى ئاسراپ ئىشلىتىش
ۋەزىپىمىز - بۇرچىمىز.

كۆنۈكمە:

1. شېئىرنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار.
2. ھېلىقى دەپتەر نېمە ئۈچۈن نالە قىلدى؟ ئوقۇش قوراللىرىنى قانداق تۇتۇش كېرەك؟
3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.

قەدىرلىك، ۋەزىپە، بۇرچ

4. شېئىر مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.



## VIII ئاساسىي مەشق

1. تۆۋەندىكى پارچىنى ئالدى بىلەن ئۈنلۈك ئوقۇڭلار، ئاندىن كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

بىر كۈنى رۇستەم مەكتەپتىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋېتىپ كىچىك بىر بالىنىڭ يول ئۈستىدە توپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. تۇيۇقسىزدىن توپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا دومىلاپ كېتىدۇ - دە، ھېلىقى بالا توپنى قوغلاپ ماڭىدۇ. دەل شۇ چاغدا بىر ماشىنا كېلىپ قالىدۇ. لېكىن ھېلىقى كىچىك بالا ماشىنىنى كۆرمەي، يەنىلا توپنى قوغلاپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ يۈگۈرىدۇ. رۇستەم ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ، ھېلىقى بالىنى تارتىۋېلىشىغا ماشىنا ئۇلارنىڭ يېنىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. رۇستەم سەۋرچانلىق بىلەن ھېلىقى بالىغا: «ئۇكام، قارا، نېمىدېگەن خەتەرلىك، بۇنىڭدىن كېيىن يولدا ئوينىمىغىن» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ.

2. تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى ئاستىغا سىزىق سىزىلغان سۆزلەرنىڭ ئورنىغا يەنە قانداق سۆزلەرنى قويۇشقا بولىدۇ؟ تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار.

1) بىر كىچىك بالا يىقىلىپ چۈشۈۋىدى، مەن دەرھال بېرىپ، ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ قويدۇم. (    )

2) مەن پەننىي بىلىملەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىمەن. (    )

3) بىزنىڭ مەكتىپىمىز ئىنتايىن گۈزەل. (    )

4) دەم ئېلىش كۈنۈم ئىنتايىن مەنىلىك ئۆتتى. (    )

3. تۆۋەندىكى شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار.

مېنىڭ ئانام

مېنىڭ ئانام بەك ياخشى،
چىۋەر ھەم چاققان.
ماڭا ئاپپاق سۈت بېرىپ،
پەپىلەپ باققان.
مېنىڭ ئانام بەك ياخشى،
كەمتەر، مۇلايىم.
تەربىيەلەيدۇ مېنى ئۇ،
كۆيۈنۈپ دائىم.
مېنىڭ ئانام بەك ياخشى،
بەكمۇ مېھرىبان.



بەرگەن سۈتنى ئاقلايمەن،
مەن بولۇپ ئىشچان.

4. تۆۋەندە بېرىلگەن رەسىمنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىڭلار، ئاندىن سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.



1) رەسىمدە قەيەر سىزىلغان؟
2) بالىلار نېمە قىلىۋاتىدۇ؟
3) بۇ ئېتىزلارغا قانداق كۆكتاتلار تېرىلغان؟
4) قىزچاقنىڭ قولىدىكى قانداق سەي؟ ئۇنى كىمگە كۆرسىتىۋاتىدۇ؟
5) بۇ قايسى چاغ؟

## 31. تەكەببۇر توز

توز ئىنتايىن گۈزەل، ئەمما ناھايىتى تەكەببۇر ئىكەن. ئۇ چىرايلىق بىرسىنى كۆرسىلا قاناتلىرىنى سىلكىپ، قۇيرۇقىنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆز - كۆز قىلىدىكەن.

بىر كۈنى توز غادايغىنىچە گۈزەل، ئۇزۇن قۇيرۇقىنى سۆرەپ، كۆل بويلاپ سەيلە قىلىپ يۈرسە، دەرەختىكى سېغىزخان ئىنتايىن ئەدەبلىك ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ سالام بېرىپتۇ، لېكىن ئۇ پىسەنتمۇ قىلىپ قويماپتۇ.

توز ئۇشتۇمتۇت كۆلدە ئۆزى بىلەن ئوپمۇئوخشاش بىر قۇشنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئىنتايىن گۈزەل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قاپتۇ شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال توختاپ، قۇيرۇقىنى ئېچىپتۇ. ئۇ ئاشۇ گۈزەل قۇيرۇقىنى يايغاندا، گويا رەڭگارەڭ



نۇرلار چېچىلىپ تۇرغان چوڭ يەلپۈگۈچكە ئوخشاپ كېتىدىكەن.

كۆلدىكى ھېلىقى قۇشنىڭ توختاپ، قۇيرۇقىنى ئاچىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن. ئۇمۇ ئاشۇ گۈزەل قۇيرۇقىنى سىلكىگەندە گويا رەڭگارەڭ نۇرلار چېچىلىپ تۇرغان چوڭ يەلپۈگۈچكە ئوخشاپ كېتىپتۇ.

تەكەببۇر توزنىڭ بىر ئاز ئاچچىقى كەپتۇ، ئۇ دۈپدۈگىلەك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، بېشىدىكى پەيلىرىنى سىلكىشكە باشلاپتۇ. بۇ چاغدا كۆلدىكى ھېلىقى قۇشمۇ دۈپدۈگىلەك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، بېشىدىكى پەيلىرىنى سىلكىگىلى تۇرۇپتۇ. تەكەببۇر توز راسا ئاچچىقلىنىپتۇ - دە، غادىيىپ كۆكسىنى كەرگەن ھالدا ئالدىغا قاراپ چوڭ بىر قەدەم تاشلاپتىكەن، ئۇشتۇمتۇت تېيىلىپ كۆلگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

توز سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىكەن، كۆلدە بىر ھازاغىچە تىركىشىپ ناھايىتى تەسلىكتە بىر دەرەخ يىلتىزىنى تۇتۇۋاپتۇ - دە، شۇنىڭغا يامىشىپ قىرغاققا چىقىۋاپتۇ. ئۇ بۇرۇلۇپ كۆلگە قاراپ خۇشال بولۇپ كې-

تىپتۇ، چۈنكى كۆلدىكى ھېلىقى قۇشمۇ ئۈستىبېشى ھۆل بولغان ھالدا تېخىچىلا دىر - دىر تىترەپ تۇرغان ئىكەن.

دەرەختىكى سېغىزخان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ خىرىلداپ كۈلۈشكە باشلاپتۇ. توز ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپتۇ - دە، ئاچچىقلانغان ھالدا:

— ھەي سەت، نېمىگە كۈلىسەن؟ — دەپتۇ. سېغىزخان قاناتلىرىنى قېقىپ تۇرۇپ:

— ھەي تەكەببۇر توز، كۆلدىكى ئاشۇ قۇش ئۆزەڭنىڭ كۆلەڭگىسى ئەمەسمۇ! تەكەببۇرلۇقىڭدىن ھەتتا ئۆزەڭنىمۇ مەنسىتمەيۋاتىسەن، — دەپتۇ.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار ۋە دەرسلىكنىڭ بېشىدا بۇ تېكىست ئۈچۈن بېرىلگەن رەڭلىك رەسىمنى ئىنچىكە كۆزىتىپ تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) توز كۆل بويىغا كېلىپ، سۇنىڭ ئىچىدە نېمىنى كۆردى؟ ئۇ نېمىنى ئويلىدى ۋە قانداق قىلدى؟

2) سېغىزخان توزغا نېمە دېدى؟ سىلەر بۇ مەسەلدىن نېمىنى چۈشەندىڭلار؟



2. مەسەلنى باشتىن - ئاخىر ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرىڭلار.

3. كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق سۆزلەرنى قويۇپ، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈڭلار:

1) توز ئىنتايىن گۈزەل، ئەمما ناھايىتى... ئىكەن. ئۇ چىرايلىقراق بىرىنى كۆرسىلا قاناتلىرىنى سىلكىپ، قۇيرۇقىنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى... قىلىدىكەن.

2) دەرەختىكى سېغىزخان ئىنتايىن... ھالدا ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ، لېكىن ئۇ .. قىلىپ قويماپتۇ.

3) ھەي... كۆلدىكى ئاشۇ قۇش ئۆزەڭنىڭ كۆلەڭگىسى ئەمەسمۇ! تەكەببۇرلۇقىڭدىن ھەتتا ئۆزەڭنىمۇ...

## 32. مايمۇن بالىسىنىڭ تاغدىن چۈشۈشى



بىر كۈنى، بىر مايمۇن بالىسى تاغدىن چۈشۈپ، بىر پارچە كۆممىقوناقلىققا كەپتۇ. ئۇ تازا ئوخشىغان نۇرغۇن كۆممىقوناقلارنى كۆرۈپ، ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، بىرسىنى ئۈزۈۋاپتۇ. ئۇنى كۆتۈرۈپ ئالغا ئىلگىرىلەپتۇ.



مايمۇن بالىسى ماڭا - ماڭا بىر شاپتۇللۇق باغقا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ غۇچچىدە ساڭ-



گىلىشىپ تۇرغان چوڭ - چوڭ ۋە قىپقىزىل شاپتۇللارنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بوپتۇ. ئۇ كۆممىقوناقنى تاشلاپ، شاپتۇل ئۈزۈشكە كىرىشىپتۇ.



مايمۇن بالىسى بىرنەچچە شاپتۇلنى كۆتۈرۈپ، بىر پارچە تاۋۇزلۇققا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ تاۋۇزلۇقتا سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتكەن چوڭ - چوڭ تاۋۇزلارنى كۆرۈپ، ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ، شاپتۇللارنى تاشلاپتۇ - دە، تاۋۇز ئۈزگىلى كىرىشىپتۇ.



مايمۇن بالىسى چوڭ بىر تاۋۇزنى كۆتۈرۈپ، كەينىگە قايتىپتۇ. كېتىۋېتىپ ناھايىتى ئومىاق بىر بۆجەنىنىڭ سەكرەپ - سەكرەپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ تاۋۇزنى تاشلاپ، بۆجەننى قوغلاپ كېتىپتۇ.



بۆجەن ئورمان ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. مايمۇن بالىسى ئىلاجىسىز ئۆيىگە قۇرۇق قول قايتىپتۇ.





كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى ئۈنلۈك ھالدا راۋان ئوقۇڭلار.
2. مايمۇن بالىسى تاغدىن چۈشۈپ نېمە ئۈچۈن ھېچ نەرسىگە ئېگە بولالماي قۇرۇق قول قايتتى؟
3. تېكىستنى تەپسىلىي ھالدا ھېكايە قىلىپ بېرىڭلار.
4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار:

قىپقىزىل، ئوماق، غۇچچىدە

5. تېكىستنىڭ ئاخىرقى ئابزىسىنى يادقا يېزىڭلار.

## 33. قۇشلارنىڭ ماھارەت ئۆگىنىشى

نۇرغۇنلىغان قۇشلار ئەنقانىڭ ئۇۋا ياساشقا ئۇستا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئۇۋا ياساش ماھارىتىنى ئۆگىنىشكە بېرىپتۇ.

ئەنقا: «بىرەر ماھارەتنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، سەۋرچان بولۇش كېرەك؛ ئۇنداق بولمىغاندا، ھېچنېمىنى ئۆگەنگىلى بولمايدۇ» دەپتۇ. سۆز ئەمدىلا باشلىنىشىغا مۈشۈكياپىلاق: «ئەنقا چىرايلىق بولسىمۇ، لېكىن تۈزۈكرەك





ماھارىتىنىڭ بولۇشى ناتايىن. ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نېمىسى بولسۇن» دەپ ئويلاپتۇ-دە، ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ئەنقا يەنە: «ئۇۋا ياساش ئۈچۈن ئاساسىنى ياخشى تاللاش كېرەك، مەسىلەن، چوڭ دەل-دەرەخلەرنىڭ ئۈچ ئاچىمىقى...» دەپتۇ. سا بۇنى ئاڭلاپلا: «ھەي! ئەسلىدە دەرەخلەرنىڭ ئاچىمىقىنى تاپىدىغانلا ئىش ئىكەنغۇ، ناھايىتى ئاددىي ئىكەن، بىلىۋالدىم» دەپ ئويلاپتۇ-دە، قاناتلىرىنى قېقىپ، ئۇمۇ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ئەنقا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «ئېغىزدا چىشلەپ كەلگەن چاۋالارنى دەرەخ ئاچىمىقىغا قويۇپ، ئۇۋىنى قەۋەتمۇقەۋەت ياساش لازىم...» دەپتۇ. سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە، قاغا: «ئەسلىدە چاۋالاردىن ئۇۋا ياسايدىغان ئىشكەنغۇ، مەنمۇ ئۆگىنىۋالدىم» دەپ ئويلاپتۇ-دە، كۆرەڭلىگەن ھالدا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ئەنقا سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ: «بۇ خىل ئۇۋىلارنى ياخشى دېگىلى بولمايدۇ. خاتىرجەمرەك تۇراي دېسەڭ، ئۇۋىنى ئۆي-

لەرنىڭ پېشايۋانلىرىغا ياسا، ئۇ چاغدا بو-
ران - يامغۇرلاردىمۇ قورقمايسەن...» دەپتۇ.

قۇشقاچ بۇنى ئاڭلاپلا ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ ۋە: «ئۆيلىگىنىم بىلەن ئوخشاشكەن» دەپ ئۇمۇ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

پەقەت كىچىك قارلىغاچلا ئەنقانىڭ سۆزىنى ئىنتايىن ئەستايىدىل ئاڭلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەنقا قارلىغاچقا: «بۇنداق ئۇۋىلارنى ياساشتا جاپا - مۇشەققەت ۋە ھېرىش - چارچاشتىن قورقماسلىق لازىم. سەن ئاۋۋال ئاغزىڭدا لاي ئەكېلىپ، شۆلگەيلىرىڭ بىلەن ئۇنى يۇغۇر، ئاندىن قات-مۇقات قىلىپ بىر - بىرلەپ قوپۇرۇپ چىق، چىشلەپ ئەكەلگەن يۇڭ ۋە ئوت - چۆپلەرنى ئۇۋاڭغا يېيىپ سال. بۇنداق



ئۇۋىدا راھەتلىنىپ تۇرىسەن» دەپتۇ.

قارلىغاچ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، تەسىرلىك ناخشىلارنى ئېيتىپ، ئەنقاغا تەشەككۇر بىلدۈرۈپتۇ.



نۇرغۇنلىغان قۇشلار ئەنقادىن ئۇۋا ياساشنى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ياخشى ئۆگەنمىگەچكە ئۇۋا سېلىشنى بىلەلمەپتۇ، بەزىلىرىنىڭ سالغان ئۇۋىسى ناھايىتى قوپال بولۇپ قاپتۇ. پەقەت قارلىغاچنىڭ ئۇۋىسىلا چىرايلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۇختا ھەم ئىسسىق بولۇپ چىقىپتۇ.

كۆنۈكمە:

1. تېكستنى ئوقۇپ، راۋان ئوقۇشلار ۋە رەسىمنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) قايسى قۇشلار ئەنقادىن ئۇۋا ياساشنى ئۆگىنىشكە باردى؟ ئۇلار قانداق ئۆگەندى؟

2) نېمە ئۈچۈن قارلىغاچ ئەڭ ياخشى ئۆگىنەلىدى؟

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

ماھارەت، سەۋرچان، تەشەككۇر بىلدۈرۈش، پۇختا

3. تېكستنى ۋەقەلىك تەرتىپى بويىچە قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار.

# 34. بەڭباش خوراز

بىر قارا توخۇنىڭ ئىككى چۆجىسى بولۇپ، ئۇلار چوڭ بولغاندا بىرى مېكىيان، بىرى خوراز چىقىپتۇ. ئىككىسى ھەر دائىم بىللە يۈرىدىكەن. خوراز كۆرۈنگەن نەرسىگە ئۇرۇنىدىغان تاقەتسىز شوخ ئىكەن؛ مېكىيان بولسا ئېغىر - بېسىق، تاقەتلىك ئىكەن.

بىر كۈنى ئىككىسى باغقا چىقىپتۇ. خوراز پىشمىغان مېۋىلەرنى يېيىشكە باشلاپتۇ، مېكىيان: «پىشمىغان مېۋىنى يېمە، ئاغرىپ قالىسەن» دېسىمۇ قۇلاق سالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خوراز بىرنەچچە كۈن ئاغرىپ يېتىپتۇ. مېكىيان خورازغا تېۋىپتىن دورا ئەكېلىپ بېرىپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي خوراز ساقىيىپتۇ - دە، يەنە تالاغا چىقىپ ئويناپتۇ، ئۇزاقتىچە سەكرەپ ئويناپ تەرلەپ كېتىپتۇ ۋە ئۇسساپ سۇ ئىچمەكچى بوپتۇ. مېكىيان ئۇنىڭغا:



«سوغۇق سۇ ئىچمە، ئۆپكەڭگە سوغۇق تېگىپ ئاغرىپ قالىسەن» دەپتۇ. لېكىن خوراز ئۇنىڭ سۆزىگە كىرمەي سوغۇق سۇ ئىچىپ، ئاغرىپ قاپتۇ. مېكىيان ئۇنى ئاران ئۆيگە يەتكۈزۈپ كەپتۇ. مېكىيان يەنە تېۋىپتىن دورا ئەكېلىپ بېرىپتۇ، لېكىن خوراز ئۇزاق ئاغرىپ يېتىپتۇ.

قىش بولۇپ، بىرىنچى قار يېغىشى بىلەن خوراز ئېرىقتىكى سۇنىڭ مۇز تۇتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە، تېيىلىپ ئويناش ئۈچۈن كانكى باغلاپ چىقىپتۇ. مېكىيان ئۇنىڭغا: «سەن مۇزدا ئوينىما! ئۇ تېخى ياخشى قاتمىدى» دەپتۇ. خوراز مېكىياننىڭ سۆزىنى تىڭشىماستىن، كانكىدا تېيىلىپ ئويناپتۇ. تېخى ياخشى قاتمىغان مۇز ئويۇلۇپ، خوراز سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.



كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى ئۈنلۈك، راۋان ئوقۇڭلار ھەمدە رەسىمگە قاراپ تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) خوراز بىرىنچى قېتىم نېمە قىلدى؟ مېكىيان ئۇنىڭغا نېمە دېدى؟

2) خوراز ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىملاردا نېمە قىلدى؟ مېكىيان نېمىلەرنى دېدى؟

3) پىشمىغان نەرسىنى يېيىش ھەم قاينىمىغان سۇنى ئىچىشنىڭ قانداق زىيىنى بار؟

2. تېكىستنى تەرتىپلىك ھالدا قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار.

3. تۆۋەندىكى ماقالىنى چىرايلىق قىلىپ كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ھەمدە ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تېكىست مەزمۇنى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىۋېلىڭلار.

ئۆزەمنىڭ شوخلۇقىدىن كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق.

## IX ئاساسىي مەشق

1. تىرناق ئىچىدىكى سۆزلەرنىڭ مۇۋاپىقىنى قويۇپ بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.

1) ئەخمەت ساۋاقداشلىرىغا ئىنتايىن....



(ياخشى كۆرىدۇ، كۆڭۈل بۆلىدۇ، ھۆر-مەتلەيدۇ)

2) كىچىك دوستلار ئوقۇش قوراللىرىنى...

(ئاسرايدۇ، سۆيىدۇ)

3) ئەنۋەر تەرتىپ - ئىنتىزامغا..

(رىئايە قىلىدۇ، ساقلايدۇ، كاپالەتلىك قىلىدۇ)

4) مەكتىپىمىزدە يەنە بىر تۈركۈم «ئۈچتە ياخشى» ئوقۇغۇچىلار....

(ماختالدى، تەقدىرلەندى)

2. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ۋە ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى رولىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

1) تونۇش - بىلىشلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا ۋە چوڭلارنى كۆرگەندە ئۇلارغا سالام بېرىش كېرەك.

2) ئاپتوبۇسقا چىقىش - چۈشۈشتە باشقىلارغا ئېتىبار بېرىش كېرەك.

3) پۈتۈن قەلبىنى ئومۇمغا بېغىشلىغان كىشىلەرنى ھەممە ئادەم ھۆرمەت قىلىدۇ.

4) ئوقۇغۇچىلار دەرسنى تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ.

5) ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتە، ئۆيدە ۋە

كوچىدا ئەدەبلىك بولۇشى لازىم.

3. تۆۋەندىكى مەسەلىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى بېرىلگەن رەسىم ۋە ماقاللارغا بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە سۆزلەپ بېرىڭلار.

## بۈگۈن ۋە ئەتە

بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما.
ھورۇننىڭ ئەتىسى تۈگىمەس.

1) بىر كۈنى، كۈن بويى قاتتىق يامغۇر ياغدى. مايمۇن بىلەن پاقا دەرەخ تۈۋىدە يامغۇردىن پاناھلاندى، ئۇلار توڭلاپ غال - غال تىترەشتى.



2) مايمۇن بىلەن پاقا مەسلىھەتلىشىپ: «ئەتە چوقۇم بىر ئۆي ياسايلى» دېيىشتى.





3) ئەتىسى ھاۋا ئېچىلىپ، يەر - جاھان ئىسسىپ كەتتى، مايمۇن بىلەن پاقا خۇشال بولۇشۇپ ئاپتاپ سۇندى.



4) چۈشتىن كېيىن پاقا: «ئۆي ياسىمايمىزمۇ؟» دېۋىدى، مايمۇن: «بۈگۈن ھاۋا ياخشى، ئۆينى ئەتە سالايلى» دېدى.



5) كەچتە يەنە يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ئۇلار يەنە توڭلاپ لاغىلداشقا باشلىدى ۋە ئەتە چوقۇم ئۆي ياسايلى دېيىشتى.



6) ئەتىسى ھاۋا يەنە ئېچىلدى، ئۇلار ئۆي ياساشنى يەنە ئۇنتۇدى. شۇ يوسۇندا تا ھازىرغىچە مايمۇن بىلەن پاقا ئۆي ياسىيالمىدى.



4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى ۋە توغرا يېزىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.

خەيرخوش، ھۆرمەتلىك، ئەسسالام، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ھېچقىسى يوق، ياخشى چۈش كۆرۈڭ، مۇبارەك بولسۇن، جاپا چەكتىڭىز، خاپا بولماڭ، كەچۈرۈڭ

5. ئۆزەڭلار ئىزلىنىپ بىرەر چۆچەك ياكى مەسەل تېپىپ ئوقۇپ، ساۋاقداشلىرىڭلارغا سۆزلەپ بېرىڭلار.



## يېڭى سۆزلەر

ئا

ئاتاقلىق — مەشھۇر، داڭلىق، نامى چىققان، ھەممىگە تونۇلغان

ئاسراش — ئۆز قارىمىقىغا ئېلىپ باقماق، پەرۋىش قىلماق

ئە

ئەۋزەل — بىرەر ئىش ياكى نەرسىنىڭ ياخشىلىقى، مۇھىملىقى، ئارتۇقچىلىقى

ئەجرى — ئەمگىكى، مېھنىتى

ئەستايىدىل — بىرەر ئىشنى بېرىلىپ ئىشلەش، تىرىشىش، قېتىرقىنىش

ئەجەبلىنىش — ھەيران قېلىش، ھاڭ-تاڭ قېلىش

ئەجداد — ئىلگىرى ئۆتكەن ئاتا-بوۋىلار، ئۇرۇق-جەمەت

ئەنئەنە — بۇرۇندىن تارتىپ كېلىۋاتقان، ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان ياخشى ئادەت.

ئەلەم قىلىش — روھىي ئازاب، قىيىنىلىش، قايغۇ - ھەسرەت، دەرد

ئې

ئىجاد قىلىش — يېڭىلىق يارىتىش، كەشپ قىلىش

ئىلھام — مەدەت، رىغبەتلەندۈرۈش

ئىقرار قىلىش — راستىنى ئېيتىش

ئۇ

ئوماق — يېقىملىق، ئىللىق

ئۇجۇقتۇرۇش — يوقىتىش

ئۆ

ئۆندىمەسلىك — گەپ قىلماسلىق، جىم تۇرۇۋېلىش

ئۆمىد — ئىشەنچ، ئارزۇ



ئۈ

ئۈملىشىش — بىرلىشىش، ئىناق، ئىتتىپاق بولۇش

ت

تەمىن ئېتىش — كېرەكلىك نەرسىلەر بىلەن ئېھتىياجنى قامداش، تەمىنلەش

تەتقىق قىلىش — ئىلمىي ئاساستا تەكشۈرۈش

تاقەتسىزلىنىش — بىرەر ئىشقا نىسبەتەن سەۋر - تاقەت قىلالماسلىق، بەرداشلىق بېرەلمەسلىك

تۆھپە — ئىش ۋە ھەرىكەتتە شەخسنىڭ قوشقان تۆھپىسى، ھەسسىسى

تەقدىرلىنىش — ماختاشقا سازاۋەر بولۇش، مۇكاپاتلىنىش

تېتىك — چاققان، چەبدەس

تەكەببۇر — ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىق

تەنتەنە — خۇشاللىق

تەمكىنلىك — ئېغىر - بېسىقلىق، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش

تۇۋاقلىنىش — ئېتىلىش (ئاغزى ئېتىلىش، گەپ قىلالماسلىق)

ن

نارازى بولۇش — رازى بولماسلىق، قوشۇلماسلىق

نەسىھەت قىلىش — ياخشىلىققا ئۈندەش

پ

پاراسەت — پەم، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىش

پەزىلەت — ئىجابىي خىسلەت، ياخشى خۇسۇسىيەت

پۈتمەس - تۈگىمەس — چەكسىز

پاناھ تىلەش — ئۆزىگە ھىمايىچى ۋە مەدەتكار تىلەش

پەرۋىش — ئاسراش، كۈتۈش، كۆڭۈل بۆلۈش، ئۆستۈرۈش

پوزىتسىيە — مۇئامىلە



پەخىرلىك — ھۆرمەت، شەرەپلىك، پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان

پارلاق — يورۇق، نەتىجىلىك

پىسەنت قىلماسلىق — كۆزگە ئىلماسلىق، پەرۋا قىلماسلىق

ب

بەختىيار — بەخت، خۇشاللىق، غەم - قايغۇسىز

بىئارام بولۇش — كۆڭلى ئارامىدا بولماسلىق

بەڭباش — گەپ ئاڭلىمايدىغان، سۆزگە كىرمەيدىغان، كەپسىز، ئۆز بېشىمچى -

بىخەتەر — خەتىرى يوق

ق

قۇدرەتلىك — كۈچلۈك

قىساس ئېلىش — ئۆچ ئېلىش

قايىل بولۇش — مەمنۇن بولۇش، رازى بولۇش

## ھ

ھەمىشە — دائىم
ھەشەمەتلىك — چوڭ، كاتتا، ھەيۋەتلىك

## م

مەغرۇرلىنىش — ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىش
مەسخىرە قىلىش — زاڭلىق قىلىش
مەنبە — بىرەر نەرسىنىڭ كېلىش ئورنى، ئىش - ھەرىكەت پەيدا بولغان ئورۇن.
مەدھىيىلەش — ماختاش، كۆككە كۆتۈرۈش
موھتاج — ھاجەتمەن بولۇش، ھاجىتى چۈشۈش
مەڭگۈ — ئەبەدىي، ئۆمۈرۋايەت

## ش

شۇدەم، شۇئان — شۇ ۋاقىتتا، دەرھال
شەربەت — مېۋە شىرنىسى
شادلىق — خۇشاللىق



رېمونت قىلىش — بۇزۇلغان نەرسىنى قايتا ياساش، ئوڭشاش
رەزگى — ئاجىز، كۈرۈمسىز

## ز

زېرەك — ئەقىللىق، سەزگۈر، زېھنى ئۆتكۈر
زوق — ھەۋەس، قىزىقىش، ئىشتىياق
زامىن بولۇش — كۆڭۈلسىز ئىشلارغا سەۋەبچى بولۇش

## غ

غايە — بىرەر ئىش ياكى ھەرىكەت توغرىسىدىكى ئوي - مەقسەت، نىيەت، نىشان، تىلەك

## گ

گۈلشەن — گۈل - گىياھلار كۆپ ئۆسىدىغان جاي، گۈلزارلىق

ي

يۈكسىلىش — ئالغا ئىلگىرىلەش، ئالغا بېسىش

ۋ

ۋارىس — ئىز باسار، ئىشىنى داۋاملاشتۇرغۇچى

د

دادىل — جۈرئەتلىك
داۋامەت — ئاخىرىغىچە، دائىم، ئىزچىل

خ

خىسلەت — خۇسۇسىيەت، ياخشى ئەخلاق

21/7
147

تۈزگۈچى: ئايشەم پەيزۇللا
مەسئۇل تەھرىرى: ئابلەت قاسىم
مەسئۇل كوررېكتورى: رابىيە ئابدۇلبارى

封面设计：孙恒菊

六年制小学课本
语　文
第四册
阿依夏木·帕依祖拉　编
责任编辑：阿不来提·哈斯木
（维吾尔文）

*

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

*

فورماتى: 1092×787، 1/32؛ باسما تاۋاق: 4.75
1988 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
1991 - يىل 10 - ئاي 4 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—80·000
ISBN 7 - 5370 - 0771 - 3

G·241(维课) باھاسى:0·78 يۈەن